ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# تەلۋە كويئۇغۇل

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئېچىل داستخان !
ئېچىلدى !!!
داستخاندا لىق چۆچەك...



ISBN 978-7-228-10817-6

定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## تەلۋە كۈيئوغۇل



«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى









ئۈرۈمچى 2007-يىلى

图书在版编目(CIP)数据

疯女婿：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. －乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN 978－7－228－10817－6

Ⅰ.疯… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族－民间故事－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006090号

策　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**疯女婿**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978－7－228－10817－6　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
# تەلۋە كۈيئوغۇل

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10817-6
باھاسى: 4.50 يۈەن




پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


ئورنۋاي ......................................... 1
خۇرشىد مەرگەن ................................. 28
قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز............................. 38
تەلۋە كۈيئوغۇل ................................. 64




# ئۇرشۋاي

زامانىنىڭ زامانىسىدا كاتتا بىر يۇرتتا ئىككى كۆزى كۆرمەيدىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇ بالىلىرىنىڭ رەڭگى، بوي - تۇرقىنى بىلمەيدىكەن، پەقەت بالىلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ چوڭى، قايسىسىنىڭ ئوتتۇرانچىسى، قايسىسىنىڭ كەنجىسى ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىدىنلا پەرق ئېتىدىكەن.

بالىلار كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىنى مەكتەپكە بەرمەي، دائىملا چاقىرىپ ئوردا ئىچىدە ئوقۇتۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پەيشەنبە كۈندىكى دەم ئېلىشتا، پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى:

— دادا، مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم، سىزنىڭ باغلىرىڭىزدا سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئۆگەنسەم دەيمەن، — دەپ دادىسىغا ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە بەكمۇ خۇشال بولۇپ، خەزىنىچىگە مىڭ تىللا ئاچىقىشنى بۇيرۇپتۇ. خەزىنىچى دەرھال مىڭ تىللانى ئەكېلىپ پادىشاھنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھ مىڭ تىللانى

ئوغلىغا بېرىپتۇ:

— ئوغلۇم، سوداڭ بەرىكەت تاپسۇن، — دەپتۇ. چوڭ شاھزادە تىللانى ئېلىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ شاھزادىلەرچە كىيىنىپ، ئۆزىنىڭ يورغا ئېتىنى مىنىپ: «رەببىم» دەپ بازارغا مېڭىپتۇ، شەھەرنىڭ پۈتۈن كوچىلىرىنى كەچ كىرگۈچە ئايلىنىپتۇ، دىتىغا ياققۇدەك ھېچ نەرسە ئۇچرىتالماپتۇ، ئاخىر كەچ بولۇپ قالدى، دادام ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دېگەن خىيال بىلەن ئوردا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتسا، بىر تار كوچىنىڭ ئىچىدە كىچىك بالىلار ئىت تالاشتۇرۇپ ئويناۋاتقۇدەك. چوڭ شاھزادە بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ قېلىپ توپنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. بالىلار ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان شاھزادىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە شاھزادىگە:

— ئاتتىن چۈشۈڭ، بىللە ئوينايمىز، — دەپتۇ. شاھزادىگە بۇ سۆز خۇشيېقىپتۇ. ئەتىگەندىن بېرى بازار چۆرگىلەپ زېرىكىپ كەتكەن شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ، بالىلار بىلەن ئويۇنغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ، يەر ـ زېمىننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. شاھزادە قايتماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ بىر بالىنىڭ بىر كۈچۈكنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— كۈچۈكۈڭنى ماڭا بەرگىن، مەن يانچۇقۇمدىكى تىللانىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇ سۆزى بالىغا موك يېقىپ، كۈچۈكنى شاھزادىگە

بېرىپتۇ. شاھزادە يانچۇقىدىكى تىللانىڭ ھەممىسىنى بالى-نىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپتۇ، بۇنى كۆرگەن بالىلارنىڭ تارلىقى كەپتۇ. تىللا ئالغان بالا ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ. چوڭ شاھزادە ئۆزىنىڭ قىلغان سودىسىدىن خۇشال بولۇپ ئوردىغا يېنىپ كەپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام بېرىپتۇ.

— بالام، نېمانچىلا كەچ قالدىڭ؟ بۈگۈنكى سوداڭ قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. چوڭ شاھزادە:

— دادا، مەن بۈگۈن ئىنتايىن ياخشى سودا قىلىپ كەلدىم، — دەپ كۈچۈكنى دادىسىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. دادىسى ئوغلى بەرگەن نەرسىنى باشتىن-ئاياغ سىلاپ چىقىپ:

— بالام، بۇ كۈچۈكقۇ، قانچە پۇلغا ئالدىڭ؟ — دەپ



سوراپتۇ. شاھزادە دادىسىغا:
— ئۆزۈڭ بەرگەن مىڭ تىللاغا ئالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بالىسىغا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي:
— بوپتۇ، بالام، قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ، ھوجراڭغا كىرىپ ئۇخلا، — دەپتۇ. شاھزادە ئاستا دادىسىنىڭ قولىدىن كۈچۈكنى ئاچىقىپ كېتىپتۇ.
ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. بۇ پەيشەنبىمۇ پادىشاھ ئوغۇللىرى بىلەن ئەتىگەنلىك چايدا بىللە بوپتۇ. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرانچى ئوغلى دادىسىغا:
— دادا، ئالدىنقى ھەپتە ئاكام بازارغا سودىلىققا بېرىپ كەلدى. بۈگۈن ماڭىمۇ مىڭ تىللا بەرسەڭ، مەنمۇ بىر قېتىم سودا قىلىپ باقسام، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.
پادىشاھ ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭمۇ رايىنى ياندۇرماي، خەزىنىچىگە مىڭ تىللا ئاچىقتۇرۇپ، ئوغلىغا:
— مانا، ئوغلۇم، سوداڭغا ئاللا بەرىكەت بەرسۇن، — دەپتۇ - دە، تىللانى ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، بازارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇمۇ خۇددى ئاكىسىغا ئوخشاش شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىقىپتۇ. سېتىۋالغۇدەك نەرسە ئۇچرىتالماي، ئوردىغا قايتىش خىيالى بىلەن ئاكىسى ماڭغان ھېلىقى تار كوچىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇمۇ ئاكىسى يولۇققان بىر توپ بالىلارغا يولۇقۇپ-

تۇ. شاھزادە ئۇلارغا قارىسا، ئۇلار ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ چۇقان سېلىشىپ، پۈتۈن كوچىنى بېشىغا كىيىۋاتقان. ئۇ، بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئاسلان تۇتۇپ تۇرغان بىر بالىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئاسلاننى ساتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالىمەن دېسەڭ ساتىمەن، — دەپتۇ بالا.

— قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ دېگىنىڭنى بېرىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— مىڭ تىللا، — دەپتۇ بالا چاقچاق ئورنىدىلا. شاھزادە مىڭ تىللانى چىقىرىپ بالىغا بېرىپتۇ ۋە ئاسلاننى ئېلىپ ئېتىغا مىنىپتۇ-دە، ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوردىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپلا دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام بېرىپتۇ.

— ئوغلۇم، كەلدىڭمۇ؟ سەنمۇ ئاكاڭغا ئوخشاشلا كەچ قالدىڭغۇ؟ سوداڭ قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. شاھزادە:

— مانا، دادا، مېنىڭ سېتىۋالغىنىم، — دەپ ئاسلاننى دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھ سىلاپ قارىسا، ئاسلان ئىكەن.

— ئوغلۇم، بۇ ئاسلانغۇ؟ قانچە تىللاغا ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. شاھزادىمۇ ئاكىسىدەك:

— سەن بەرگەن تىللانىڭ ھەممىسىگە، — دەپ جاۋاب

بىرىپتۇ. پادىشاھ:

— بوپتۇ، ئوغلۇم، ئەمدى بىرىپ تامىقىڭنى يەپ، ئۇخلىغىن، — دەپتۇ. شاھزادە ئاسلاننى دادىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ پادىشاھ ئوغۇللىرى بىلەن چايدا بىللە بولغاندا، پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دادا، ئىككى ئاكام ئىككى پەيشەنبە بازارغا چىقىپ سودا قىلىپ كەلدى. ئەمدى بۇ پەيشەنبە ماڭا نۆۋەت كەلدى. ماڭىمۇ مىڭ تىللا بەرگىن، مەنمۇ بازارغا چىقىپ سودا قىلىپ كېلىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ كەنجى ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، چوڭ ئاكاڭ چىقىپ مىڭ تىللاغا بىر كۈچۈكنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئوتتۇرانچى ئاكاڭ چىقىپ مىڭ تىللاغا بىر ئاسلاننى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئەمدى سەن سودىغا چىقىپ، مىڭ تىللاغا چاشقان كۆتۈرۈپ كېلەرسەن ھەرقاچان. سەن تېخى كىچىك، يەنە بىر ئاز چوڭ بولغىن، — دەپتۇ. بىراق، كەنجى ئوغۇل:

— ئۇلار ئوغلۇڭ، مەن ئوغلۇڭ ئەمەسمۇ؟ مەيلى چاشقان ئەكېلەي، مەيلى توشقان ئەكېلەي، بۇ مېنىڭ ئىشىم. ماڭىمۇ مىڭ تىللا بېرىسەن، ئەگەر بەرمىسەڭ، ھازىردىن باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز خەزىنىسىدىن مىڭ تىللا ئالدۇرۇپ كەنجى ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— بوپتۇ، سەنمۇ سودا قىلىپ باق، خۇدايىم سوداڭغا بەرىكەت بەرسۇن، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل دادىسىدىن رازى بولۇپ ھۇجرىسىدىن چىقىپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق كىيىنىپ، ئېتىغا مىنىپ بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، بىر قەبرىستانلىققا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، قەبرىستانلىقتا ئالتە ئادەم بىر بولۇپ بىر ئۆلۈكنى ھە دەپ كالتەك بىلەن ئۇرۇۋاتقۇدەك. شاھزادە دەررۇ ئېتىدىن چۈشۈپ ھېلىقى ئادەملەرنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئاكىلار، سىلەر نېمىشقا ئۆلگەن ئادەمنى ئۇرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىماي، بېرىپ ئۆيۈڭنىڭ ئوينا، — دەپ ۋارقىراپتۇ. كالتەك بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان ئۆلۈككە ئىچى ئاغرىغان شاھزادە ئۇلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئاكىلار، مەن كىچىك بولساممۇ ئادەمغۇ، سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسەڭلار، مەن بىر ئاڭلاپ باقسام، — دەپتۇ. ئاردىن بىرى:

— بۇنىڭدا مۇشۇ تۇرغان ئالتىمىزنىڭ ئۈچ مىڭ تىللا ئېلىشىمىز بار ئىدى. شۇ قەرزنى بېرىش ئېغىر كېلىپ ئاخشام ئۆلۈۋاپتۇ. ئەنە شۇ ھەققىمىزنىڭ بەدىلىگە بىز بۇنى ئۇرۇۋاتىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۇلارغا:

— بولدى، ئاكىلار، ئۆلۈكنى ئۇرماڭلار، سىلەرگە

پۇلنى ھازىر ئەكىلىپ بېرىمەن، ــ دەپ ئۇلارنى ئۇرۇش-تىن توختىتىپ قويۇپ، ئىتنىغا مىنىپ ئۇدۇل ئوردىغا كېلىپ، خەزىنىچىنى تېپىپ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۈچ مىڭ تىللا بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. خەزىنىچى باشتا: «پادىشاھ ئۇقۇپ قالسا مېنى جازالايدۇ» دەپ ئۇنىماپتۇ. شاھزادە خەزىنىچىگە بەك يالۋۇرۇپ:

ــ دادامغا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ھازىرچە دادامغا ئۇقتۇرماڭ، ــ دەپتۇ. خەزىنىچى شاھزادىنىڭ رايىغا بېقىپ خەزىنىدىن ئۈچ مىڭ تىللانى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. شاھزادە خۇشال ھالدا ئاتقا مىنىپ، يەنە ھېلىقى قەبرىستانلىققا قاراپ چېپىپتۇ. قارىسا، ھېلىقى ئالتە ئادەم شاھزادىنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. شاھزادە ئۈچ مىڭ تىللانى بېرىپ ئۇلارنى يولغا سېپتۇ. ئۆزى بولسا، شۇ يەردىن بازارغا بېرىپ تۆت ماتا ئېلىپ، مەسچىتكە بېرىپ ئاخۇنۇم ۋە مەسچىت جامائىتىنى باشلاپ قەبرىستانلىققا كەپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۆلۈكنى كۆرسىتىپ، باشقىدىن نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇشنى سوراپتۇ. جامائەت شاھزادىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆلۈكنى يۇيۇپ - تاراپ، باشقىدىن كېپەنلىككە ئېلىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇپتۇ. شاھزادە يانچۇقىدا قالغان تىللالارنى ئاشۇ نامازغا قاتناشقانلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن دۇئاسىنى ئېلىپ، خۇپتەن بىلەن ئوردىغا كېلىپلا ئۇدۇل دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئوغلۇم، قېنى، سەن قانداق سودا قىلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— دادا، مەن ئوردىدىن چىقىپ پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندىم. مەن كىرمىگەن كوچا قالمىدى، ئاخىر بېرىپ بىر قەبرىستانلىققا كىرىپ قاپتىمەن. قەبرىستانلىقتا ئالتە ئادەم بىر بولۇپ بىر ئۆلۈكنى كالتەك بىلەن ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلاردىن: «ئۆلۈكنى نېمىشقا ئۇرىسىلەر؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «بىزنىڭ بۇنىڭدا ئۈچ مىڭ تىللا ئېلىشىمىز بار ئىدى، شۇ قەرزنى بېرىشنى ئېغىر كۆرۈپ ئاخشام ئۆلۈۋاپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇرۇۋاتىمىز» دەيدۇ. مەن ئۇلارنى ئۆلۈكنى ئۇرۇشتىن توختىتىپ، سىزدىن بىسوراق خەزىنىچىگە يالۋۇرۇپ ئۈچ مىڭ تىللا ئالدىم. ئۈچ مىڭ تىللانى ھېلىقى ئېلىشى بار ئالتە ئادەمگە بەردىم، ئۇلار تىللانى ئېلىپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى. مەن مەسچىتكە بېرىپ جامائەتنى يىغىپ تۇپراق بېشىغا ئاپىرىپ، ئۆلۈكنى باشقىدىن يۇيۇپ - تاراپ، كېپەنلىككە ئېلىپ، يەرلىككە قويۇپ، دۇئاسىنى ئالدىم، — دەپتۇ.

ئوغلىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان پادشاھ ئۆمرىدە كۆرۈلمىگەن بىر خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ:

— خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن، سەن بۇ دۇنيانىڭ سودىسىنى ئەمەس، ئاخىرەتنىڭ سودىسىنى قىپسەن. ئەقلىڭگە رەھمەت، بالام، ئەمدى ھۇجراڭغا كىرىپ، قورسى-

قىڭنى تويغۇزۇپ ئوبدان ئارام ئال، بۈگۈن سەن تازا جاپا تارتىپسەن، ــ دەپ بالىسىنى ئۆزى ئۆزىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بوپتۇ. پادىشاھ، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، كۆزۈم يۇمۇلغۇچە بالىلىرىم جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى، ئادەملەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى كۆرۈپ پىشسۇن. شۇڭا، باشقا شەھەرلەرگە كارۋان ماڭدۇراي، ئوغۇللىرىمنىمۇ شۇ كارۋانغا قوشۇپ ماڭدۇراي دېگەن ئويغا كېلىپ، ئەتىسىلا: «قول بازىرىدىن كارۋانغا قىرىق ئادەم سېتىۋېلىنسۇن» دەپ پەرمان بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چاپارمەنلەر شۇ كۈنلا قول بازىرىغا بېرىپ قاۋۇل قۇللاردىن يىگىرمىنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ. ئەتىسى يەنە ئون توققۇز قول سېتىۋاپتۇ. پادىشاھقا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ قۇللارنى زادى قىرىققا تولدۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەنە بىر قول سېتىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر ئۆگۈنى يەنە قول بازىرىغا كېتىۋاتسا، ئۇلارغا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ناھايىتى تەمبەل كەلگەن ياش بىر يىگىت ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپتۇ ۋە ئۇلاردىن ئالدىراش ماڭغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. چاپارمەنلەر پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە كارۋانغا ئادەم ئالغىلى كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ ئىش ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، كارۋانغا ياللىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. چاپارمەنلەر قول

بازىرىغا بارماستىن يىگىتنى ئېلىپ ئوردىغا كېلىپ، ئادەم سانىنىڭ توشقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرگە: «مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە يولنىڭ تەييارلىقى پۈتتۈرۈلسۇن، قىرىق تۆگە، يۈز دانە چوڭ قىل تاغار ۋە سودىلىق ماللار تولۇق ئېلىنسۇن. قۇللار ۋە چاكارلار ئۈچۈن بىر قۇردىن كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈلسۇن، مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈك تەييار قىلىنسۇن» دەپ ئەمر قىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىق ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. سەپەر تەييارلىقى پۈتكۈچە قۇللار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. ھېلىقى يىگىت ئوردىغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ تىنىم تاپماي ئىشلەپتۇ، ئوردا ئاجايىپ چىرايلىق بىر تۇسكە كىرىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بۇ يىگىتكە ئىنتايىن ئامراق بولۇپ قاپتۇ. بۇ يىگىتمۇ كەنجى شاھزادىگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن. كەنجى شاھزادىمۇ مەكتەپتىن يېنىپلا شۇ يىگىتنى تاپىدىكەن، ئۇ نېمە قىلسا شۇنى قىلىمەن، دەيدىكەن، بىراق يىگىت شاھزادىنى زادى ئىش قىلدۇرمايدىكەن. ئۇ شاھزادىگە قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. شاھزادە يىگىتتىن بەكمۇ رازى ئىكەن. پادىشاھ يىگىتنىڭ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى ۋەزىردىن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىشقا بىر كۈن قالغاندا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئارامگاھىغا

چاقىرتىپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بې-
رىپ، پەرمان كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:
— يىگىت، ئېتىڭ نېمە، نەچچە ياشقا كەلدىڭ؟ ئۆزۈڭ
قەيەرلىك؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:
— ئېتىم ئورنۋاي، يېشىم يىگىرمە، يۇرتۇم مۇشۇ
يەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:
— ئاتا - ئاناڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قې-
رىنداشلىرىڭ بارمۇ؟ خوتۇن، بالا - چاقاڭچۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ. ئورنۋاي:
— ئاتا - ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم، خوتۇن، بالا -
چاقام يوق، تەنها يېتىممەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ئورنۋاينىڭ
سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ.
— ئورنۋاي، مەن ساڭا ئىشەنچ باغلىدىم. بۇ قېتىمقى
كارۋانغا سەن باش بولىسەن. ئۈچ ئوغلۇمنى ساڭا تاپشۇر-
دۇم، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن، ئۇلارغا ئاق
بىلەن قارىنى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىشنى ئۆگەت. با-
لىلىرىم مۇشۇ سەپەردە ئوبدانراق پىشسۇن. قانداق تەلىپىڭ
بولسا دېگىن، — دەپتۇ پادىشاھ. ئورنۋاي:
— ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق،
بىزگە ئاقيول تىلەپ دۇئا بەرسىلە بولدى، — دەپتۇ.
ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن كارۋان سەپەرگە ئاتلـ-
لىنىشقا تەييار بولۇپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ
تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئوردا مەسلىھەتچىسىدىن بىرىنى ئورنۋايغا قوشۇپتۇ، ئاندىن ئوغۇللىرىنى قۇچاقلاپ، ھەربىرىنىڭ پېشانىسىگە بىردىن سۆيۈپتۇ ۋە سەپەر ئۈستىدە ئورنۋاينىڭ ھەم مەسلىھەتچىنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىقنى تاپىلاپ رازىلىق بېرىپ، ئۇلارغا ئاقيول تىلەپ دۇئا قىپتۇ. پادىشاھ دادىسىدىن قالغان بىر ئىتنى ئورنۋايغا بېرىپتۇ.

كارۋانلار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن چۈشكىچە مېڭىپ، ئۈچ ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. ئورنۋاي بىرىنچى يولنى كۆرسىتىپ، ئوردا مەسلىھەتچىسىدىن:

— بىزنىڭ بارىدىغان شەھىرىمىزگە بۇ يول بىلەن ماڭسا نەچچە كۈندە بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:

— يەتتە ئايدا بارىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئورنۋاي ئىككىنچى يولنى كۆرسىتىپ:

— بۇ يولچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:

— يەتمىش كۈندە بارىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئورنۋاي ئۈچىنچى يولنى كۆرسىتىپتۇ.

— بۇ يولدا ماڭساق يەتتە كۈندە بارىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەسلىھەتچى. ئورنۋاي:

— نېمە ئۈچۈن بۇ يوللارنىڭ بىرى يەتتە ئايلىق، بىرى يەتمىش كۈنلۈك، بىرى يەتتە كۈنلۈك؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:

— يەتتە ئايلىق يول بىلەن ماڭساق، خەتەرسىز، ئاشلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن غەم قىلمايمىز، قونالغۇ جايلىرى-

مۇ بار. يەتمىش كۆنلۈك يولدا چۆل ـ جەزىرىلەر بار، جاڭگاللىرىدا يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۇچرايدۇ. يەتتە كۈنلۈك يولدا بولسا، ئىككى كۈن مېڭىپ ئۈچىنچى كۈنى ئادەم يۇتىدىغان ئەجدىھانىڭ ماكانىغا بارىدىغان گەپ. ئۇنىڭدىن سالامەت ئۆتەلىسەك، يەنە ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن قاراقچىلارنىڭ ماكانى بار. يۇقىرىدىكى ئىككى توسالغۇدىن ئۆتۈش قىيىن بولغاچقا، كارۋانلار يەتتە ئايلىق يول بىلەن ماڭىدۇ. بىزمۇ مۇشۇ يەتتە ئايلىق يول بىلەن ماڭساقمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ. ئورىۋاي:

— ھازىرچە كارۋانلار دەم ئالغاچ چۈشلۈك غىزاسىنى يەۋالسۇن، قالغان گەپ بولسا كېيىن سۆزلىشەرمىز، — دەپتۇ.

كارۋانلار چۈشلۈك غىزالىرىنى يەپ بولۇپ دەم ئېلىشىپتۇ، ئورىۋاي بولسا دەم ئالماستىن شاھزادىلەرگە غىزا راسلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن ئىتنىڭ قورسىقىنىمۇ ئوبدان تويغۇزۇپتۇ. كارۋانلار دەملىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورىۋاي ھەممىسىگە يەتتە كۈنلۈك يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئورىۋاينىڭ بۇ قارارىدىن مەسلىھەتچى ھەم باشقىلار ئىنتايىن قورقۇشۇپتۇ، ئەمما ياق دېيىشكىمۇ پېتىنالماپتۇ، چۈنكى ئورىۋاي پۈتۈن كارۋاننى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. باشقىلار ئامالسىزلىقتىن ئورىۋاينىڭ دېگىنى بويىچە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى دەرەخزارلىق، بۇلاق سۇلىرى ئۆركەشلەپ

تۇرغان، ھەر خىل قۇشلار خۇش ئاۋاز بىلەن سايراپ تۇرغان چىرايلىق بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ.

ئورنۋاي كارۋاندىكىلەرگە ماللارنى چۇشۇرۇپ، مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەته سەھەردە يولغا چىقىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىپتۇ. كارۋانلار تۆگىلەردىكى ماللارنى چۇشۇرۇپتۇ، تۆگىلەرنى يەم - خەشەك بىلەن تويدۇرۇپ، ئاندىن تاماق پىشۇرۇشقا تۇتۇش قىپتۇ. مەسلىھەتچى ئورنۋايغا:

— مۇشۇ يەردە قونمىساق بولاتتى، — دەپتۇ. ئورنۋاي:

— نېمە ئۈچۈن قونمايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:

— مەن دېگەن ئەجدىھانىڭ ماكانى مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ باشقا يەردە قونساق ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ. دېگەندەك بىرئازدىن كېيىن ئاسماننى قارا تۇتەك بېسىپ، دەھشەتلىك بوران چىقىپتۇ، ئارقىدىنلا يامغۇر قۇيۇلۇپتۇ. مەسلىھەتچى: «ئەجدىھا كېلىۋاتىدۇ، ھەركىم ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولسۇن» دەپ ۋارقىراپتۇ. كىشىلەر قازان - قومۇچلىرىنى تاشلاپ بېشى قايغان تەرەپكە قېچىپتۇ، مەسلىھەتچىمۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ قېچىپتۇ. بۇ يەردە پەقەت ئورنۋاي بىلەن ئىتلا قاپتۇ. ئەجدىھا ئۇچۇپ كەلگەن پېتىچە ئورنۋاينىڭ ئالدىغا چۇشۇپتۇ. ئورنۋاي چاققانلىق بىلەن ئىتنى توغرىسىغا

تۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئىتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ. ئەجدىھا ھەرقانچە كۈچەپ دەم تارتقان بولسىمۇ، ئىتنى مىدىرلىتال-ماپتۇ. شۇ ھامان ئەجدىھا زۇۋانغا كېلىپ:

— ھەي ئىت، سەن باقىقان ئىگەڭگە ۋاپاسىزلىق قىل-غان ئىتسەن. سەن قولىدىن نان يەۋاتقان ئىگەڭنىڭ كۆزىنى كىچىك ۋاقتىدا يالاپ قارىغۇ قىلىپ قويغانسەن. ئەقىل-ھوشى جايىدا باتۇر يىگىتتىن بىرى چىقسا، ئالتۇن پالتا بىلەن بېشىڭنى تېشىپ، ئالتۇن قوشۇقتا مېڭەڭنىڭ قې-تىقىنى ئېلىپ سېنى باققان ئىگەڭنىڭ كۆزىگە سۈرتسە، ئىگەڭنىڭ كۆزى ۋاللىدە ئېچىلىپ كېتەتتى، — دەپتۇ. ياراتقان ئىگىسى ئىتقىمۇ زۇۋان بېرىپتۇ. ئىت:

— ئالدىمىزدىكى شەھەردە تۇغۇلغىنىغا تۆت يىل بولغان بىر ئوغۇل بالا ھازىرغىچە قۇيۇپ قويغان كې-سەكتەك يېتىپتۇ. جاھاندا سېنى ئۆلتۈ-رىدىغان باتۇر يىگىت-تىن بىرى چىققان بولسا، سېنىڭ تې-رەڭدىن بىر تاسمىد-لىق ئېلىپ ئەنە شۇ



بالىنى شۇ تېرىگە بىر كېچە ئالسا، ئۇ بالا كۆزىنى ئې-
چىپ، پادىشاھ دادىسىنىڭ ئالدىدا ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەن
بولاتتى، ـــ دەپتۇ. ئەجدىھا بىلەن ئىت ئوتتۇرىسىدىكى
سۆز ئارىلىقىدا ئورنۋاي ئىككى بىقىنىغا ئىككى قىلىچنى
مەھكەم باغلاپ تەييار بولۇۋاپتۇ، ئاندىن ئىتنىڭ ئالدىغا
ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ دەم
تارتىپتىكەن، ئورنۋاي ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەينىدىن
چىقىپتۇ. ئەجدىھا:

ـــ ئەمدى ئۆلگەنسەن؟ ـــ دەپ ۋارقىرىغانىكەن،
ئورنۋاي ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـــ سەن ئۆلدۈڭمۇ، مەن ئۆلدۈممۇ؟ ئىشەنمىسەڭ بىر
سىلكىنىپ باققىن، ـــ دەپتۇ. ئەجدىھا بىر سىلكىنىپتى-
كەن، شۇ ھامان ئىككىگە بۆلۈنۈپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئو-
رنۋاي ئىتنىڭ دېگەن سۆزى بويىچە ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن
بىر تاسمىلىق تىلىۋېلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ. ئاندىن بىر چى-
نار دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ نەرە تارتقانىكەن، تەرەپ ـ
تەرەپكە قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ
كەپتۇ. ئۇلار كېلىپ قارىسا، تاغدەك بىر ئەجدىھا يەردە
ئىككى پارچە بولۇپ ياتقان. ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرۇشۇپ
قاپتۇ. ئورنۋاي:

ـــ قېنى، ئەمىسە قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇپ،
تۆگىلەرنى، قېچىرلارنى ئوتلىتىڭلار، ئاندىن خۇدايىم بۇي-
رۇسا، سەھەردە سەپەرگە ئاتلىنىمىز، ـــ دەپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن كارۋان يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى شۇنداق مەنزىرىسى گۈزەل، كۆمۈشتە قوپۇرۇلغان تاملىرى بار يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئورنۋاي كارۋانغا:

— يۈكنى چۈشۈرۈڭلار، بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىمىز، — دەپتۇ. مەسلىھەتچى:

— مەن دېگەن قاراقچىلارنىڭ ماكانى دەل مۇشۇ يەر. ھازىر قاراقچىلارنىڭ بىزنى كۆرمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتەيلى. يەنە بىر كۈن يول يۈرسەك، ئەتىسى بىز دېگەن شەھەرگە بارىمىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئورنۋاي مەسلىھەتچىنىڭ سۆزىگە ئۇنىماي:

— كىم قارشىلىق قىلىدىكەن، كاللىسىنى ئالىمەن. بۈگۈن مۇشۇ يەردە دەم ئېلىپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىمىز، — دەپتۇ. كارۋانلار ئىلاجسىزلىقتىن تۆگىلەردىكى يۈكنى چۈشۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۇ يەر - بۇ يەرگە گۈلخان يېقىپ چاي قاينىتىپ، قورساق تويغۇزۇشقا ئولتۇرۇپتۇ.

قاراقچىلار بۈگۈن ھېچ يەرگە چىقماي ئۆزلىرىنىڭ ماكانىدا داش قازانغا پۇتلاپ - پۇتلاپ گۆشنى سېلىپ قويۇپ، ھاراق - شاراب ئىچىشىپ، خۇشال - خۇرام بەزمە قىلىشىۋاتقانىكەن. شۇ ئەسنادا قاراقچىلارنىڭ بىرى ھاجەت قىلغىلى تالاغا چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ قارىسا، بىر توپ تۆگە بىلەن بىر مۇنچە ئادەملەر بەخىرامان ئولتۇرۇپ چاي

ئىچىشىۋاتقان. قاراقچى ئارقىسىغا يېنىپ كىرىپ باشلىقىدى-
غا ئەھۋالنى دەپتۇ. بۇ خەۋەردىن قاراقچىنىڭ باشلىقى
بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ:
ـــ مانا قاراڭلار، بىزنى بۇگۈن بۇلاڭ ـ تالاڭغا چىدى-
قالمىدى دەپ، ياراتقان ئىگەم ئولجىنى ئالدىمىزغا ئەكېلىپ
بېرىپتۇ. بۇمۇ بىز ئۈچۈن غەنىيمەت. ھازىرلا ئىككىڭلار
چىقىپ ئۇلارنى بىسىقتۇرۇۋېتىپ كىرىڭلار، ـــ دەپ ئىك-
كى قاراقچىنى چىقىرىپتۇ.
قاراقچىنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ يەنە ئۆيگە كىرىپ
كەتكەنلىكىنى كارۋاندىكىلەردىن بىرى كۆرگەنىكەن. ئۇ بۇ-
نى باشقىلارغا دېگەندىن كېيىن ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە
قېچىپتۇ، ئورنۇۋاي بولسا، قولىغا قىلىچ ئېلىپ دەرۋازىنىڭ
يان تەرىپىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئىككى قاراقچى باشلىقى-
نىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپتۇ. ئورنۇۋاي ئۇلار
چىقىشى بىلەنلا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۆيدىكى
قاراقچىلار ھاراق ـ شارابنى ئىچىپ، گۆشنى يەپ، چىقىپ
كەتكەنلەرنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار كىرمىگەندىن كې-
يىن، قاراقچىلار باشلىقى يەنە تۆت قاراقچىنى چىقىرىپتۇ.
ئورنۇۋاي ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ھې-
لىقى تۆت قاراقچىمۇ كىرمىگەندىن كېيىن، قاراقچىلار
باشلىقى بىر ئاز ئويلىنىپ: «بۇلار قاتتىق جەڭ قىلىشىپ
كەتكەن ئوخشايدۇ، يەنە ئونىڭلار چىقىڭلار» دەپ ئون
قاراقچىنى چىقىرىپتۇ. ئورنۇۋاي بۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئاي-

تۇ. قاراقچىلار باشلىقى زادى نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئاچچىقىدا: «ھەممىڭلار چىقىڭلار» دەپتۇ. بۇ قاراقچىلارمۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا كاللىسىدىن ئايرىلىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئۆزى چىققانىكەن، ئورنۇاي ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ، ئاندىن ئورنۇاي قاراقچىلارنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ نەرە تارتىپتىكەن، ئەتراپقا قېچىپ كەتكەنلەر قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار يەردە ياتقان قىرىق بىر قاراقچىنىڭ بېشى بىلەن تېنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ، ئورنۇايغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، ئاندىن ھەممىسى خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇپ چايلىرىنى ئىچىشىپ، ئارامخۇدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن كارۋانلار ئەتىگەنلىك تامىقىنى يېيىشىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۆزلىرىنىڭ بارماقچى بولغان شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۆز شەھىرىگە كېلىدىغان سودىگەرلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا توختىتىپ قويغان ئادەملىرى بار ئىكەن. ئۇلار قانداقلا كارۋان كەلسۇن، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بارىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، پادىشاھنىڭ تۇغۇلۇپ تۆت يىلغىچە كۆزىنى ئاچماي، خۇددى قۇيۇپ قويغان كېسەكتەك ياتقان ئوغلىنى داۋالاپ ساقايتىدىغان بىرەر تېۋىپ چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن شۇنداق قىلىدىكەن. پادىشاھ ئورنۇاينىڭ

كارۋىنىمۇ ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىپ ئوبدان ئو-
رۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ.
داستىخانلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پادشاھ ئورنىدىن
تۇرۇپ مېھمانلارغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن:
— ھەربىرلىرىگە مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى،
ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ تۇغۇلغىنىغا تۆت يىل بولغان بىر
ئوغلۇم بولۇپ، ھازىرغىچە كۆزىنى ئاچماي خۇددى كېسەك-
تەك ياتىدۇ. ئۆلدىمىكىن دېسەم تىنىقى بار. بالىنىڭ دەر-
دىگە چىدىماي ئانىسى كېسەل بولۇپ ياتىدۇ، ئاچىسىمۇ
كۈندە يىغلاپ ساراڭ بولاي دەپ قالدى. ئۆزۈممۇ نېمىنى
ئېلىپ، نېمىنى قويغىنىمنى، باشقىلارغا نېمىلەرنى دېگەن-
لىكىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ھەربىرلىرىنىڭ ئىد-
چىدە مېنىڭ ئاشۇ بالامنى داۋالاپ ساقايتىپ بەرگۇدەك بى-
رەر تېۋىپ بارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ. ئورىۋاي ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ:
— بالا قەيەردە؟ مەن بالىنى كۆرۈپ، بىر ئامال قىلىپ
باقاي، ياراتقان ئىگەم شىپالىق بەرسە ئەجەب ئەمەس، —
دەپتۇ. پادشاھ خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئو-
رىۋاينىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئوغلى ياتقان ئۆيگە باشلاپ
كىرىپتۇ. ئورىۋاي بالىنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاپتۇ، كۆزىنى
ئۇۋۇلاپتۇ، ئاندىن:
— مەن بالىنى ساقايتىمەن، مەن بالىنى تەكشۈرۈپ
بولغۇچە ھەربىرلىرى تالاغا چىقىپ تۇرۇشسىلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋە باشقىلار تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئورىۋاي بالىدىنى يۆگەپ قويغان كۆرپىدىن يېشىپ، ئاندىن تۇغما قىدىلىپ، ئەجدىھانىڭ تاسمىسى بىلەن پۇتىدىن تارتىپ مۇردىسىگىچە ئوراپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن تالاغا چىقىپ قارىسا، پادىشاھ، خانىش، مەلىكە ۋە ۋەزىرلەر توپلىشىپ ئورىۋاينى ساقلىشىپ تۇرۇشقانىكەن. ئورىۋاي ئۇلارغا:

— بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن بالىنىڭ قېشىغا كىرىمىز. ھازىرچە ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بىلەن بولايلى. مەن خەۋەر بەرمىگۈچە ھەرقانداق ئادەمنىڭ بالا ياتقان ئۆيگە كىرىشىگە بولمايدۇ، — دەپتۇ، ئاندىن كارۋاندىكىلەرگە بالىنىڭ قېشىغا كىرىدىغان ۋاقىت توشقۇچە يۇكلەرنى چۇشۇرۇۋېتىپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ ۋە خىراجەت ئۇچۇن ئازراقتىن كۇمۇش، تىللا بېرىپتۇ. كارۋانلار ئورىۋايدىن مىننەتدار بولۇپ، تۆگىلەردىكى مالنى ئوردىنىڭ ئىچىگە چۇشۇرۇپتۇ، ئاندىن ھەممىسى توپ-توپ بولۇشۇپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپتۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران بولۇشۇپ، كەچكە يېقىن ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

بالىنى يېشىدىغان ۋاقىتمۇ توشۇپتۇ. ئورىۋاي پادىشاھنى، خانىشنى، مەلىكىنى، ۋەزىرلەرنى ۋە مەسلىھەتچى بىلەن شاھزادىلەرنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئورىۋاي بالىغا قاراپ:

— قىنى، ئوغلۇم، بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم دەپ كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ.

بالا شۇ ھامان: «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ، خانىش، مەلىكىلەر ھوشىدىن كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇلارغا سوغۇق سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئورنىۋاي بالىنى يۆگىگەن كۆرپىنى ۋە ئەجدىھانىڭ تاسمىسىنى يېشىپتۇ. بالا ئۇيان ـ بۇيان قىمىرلاپ: «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئورنىۋايغا، دادىسىغا، ئاپىسىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپتۇ. بۇ مۆجىزىدىن ھەممىسى ھەيران قاپتۇ ۋە خۇشال بوپتۇ.

پادىشاھ شۇ كۈنىلا پۈتۈن شەھەر خەلقىگە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. شەھەر خەلقى ھېچ ئىش قىلماستىن تەييار تاماقلارنى يەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن يەتتە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئورنىۋاي باشلىق پۈتۈن كارۋاندىكىلەرگە ئوردىدا چوڭ زىياپەت بېرىپ، ھەممىسىگە ئېسىل رەختلەردىن تون كىيگۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئورنىۋايغا:

— قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ. خالىسىڭىز مۇشۇ قىزىمنى سىزگە تۇتىمەن، — دەپتۇ. ئورنىۋاي:

— ئۇلۇغ شاھىم، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، پەقەت يوغان قىل تاغاردىن يۈز دانە كېرەك. قىزىڭىز ھەققىدىكى گەپكە كەلسەك، مەن كىيىنكى قېتىم كەلگەندە

جاۋابىنى بېرەي. سىزگە، خانىش ئايىمغا، قىزىڭىزغا ۋە يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلىڭىزغا سالامەتلىك تىلەيمەن، — دەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىپتۇ.

پادىشاھ ئورىنۋاينىڭ تەلىپى بويىچە يۈز دانە يوغان قىل تاغار تەييار قىلدۇرۇپتۇ. ئورىنۋاي ئەكەلگەن ماللارنى پادىشاھقا سوۋغا ئورنىدا بېرىۋېتىپ، يەنە ئاتمىش تۆگە ئېلىپ، تۆگىلەرنى يۈز قىلىپ، ئەتىسى پادىشاھ ۋە ئوردا ئەھلىلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ ئوتلاققا قويۇپ بېرىپتۇ، ئۆزلىرى قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزغاندىن كېيىن قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا كىرىپتۇ. بۇ يەردە قاتىرىسىغا سېلىنغان ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. ئورىنۋاي قىلىچىنى چىقىرىپ بىرىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ كىرسە، ئۆينىڭ ئىچى لىق ئالتۇن بىلەن تولغانىكەن. ئىككىنچى ئۆينىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ كىرسە، ئۆينىڭ ئىچى لىق تىللا بىلەن تولغانىكەن. ئۈچىنچى ئۆي بولسا، مەرۋايىت، تۆتىنچى ئۆي ياقۇت، بەشىنچى ئۆي پۈتۈنلەي گۆھەر بىلەن، باشقا ئۆيلەر زىلچا - گىلەم، تاۋار - دۇردۇن، كىمخاب، ئەتلەسلەر بىلەن تولغانىكەن. كارۋانلار بۇ بايلىقلارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قاپتۇ.

ئورنۋاي:
— قېنى ئەمىسە، تاغارلارغا ئالدى بىلەن گۆھەرلەرنى قاچىلاڭلار، ئاندىن تىللالارنى قاچىلاڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن مەرۋايىت، ياقۇت، زىلچا - گىلەملەر، كىمخاب - شايىلارنى قاچىلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. كارۋانلار قاراقچىلارنىڭ ئەلنى بۇلاپ يىغقان دۇنيالىرىنى تاغارلارغا قاچىلاپتۇ. ئاندىن ئورنۋاي ئۇلارغا:
— سىلەرمۇ يانچۇقۇڭلارنى قۇرۇق قويماڭلار، ھەربىرىڭلار ھازىرچە مىڭدىن تىللا ئېلىڭلار، قالغىنىنى ئوردىغا بارغاندىن كېيىن ئالىسىلەر، — دەپتۇ. كارۋانلار خۇشال بولۇشۇپ، مىڭ تىللادىن يانچۇقىغا سېپتۇ. ئۇلار تاغارنىڭ ئاغزىنى تىكىپ تۆگىلەرگە ئارتىپ، ھەممە ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كارۋان سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئەجدىھانىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. قاتار كېلىنۋاتقان يۈز تۆگە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاغار - تاغار ماللارنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇلارنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى ئوردا چاپارمىنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ داقادۇمباق، ناغرا - كانايلار بىلەن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.
كارۋانلار ئوردىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئالدى بىلەن ئۈچ

ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ، ئاندىن كارۋان بېشى ئورنۋاي بىلەن، ئاندىن مەسلىھەتچى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئوردا ئىد-چى جىمجىتلىققا چۆمۈپتۇ. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندىن كې-يىن، پادىشاھ بالىلىرىدىن بۇ قېتىمقى سەپەر ئەھۋالىنى سوراپتۇ. كەنجى شاھزادە سەپەر جەريانىدا يولۇققان ئىشلار-نى، ئورنۋاينىڭ باتۇرلۇقلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، پادىشاھ پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە كارۋانلارنى ئوردا مەيدانىغا يىغىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئورنۋاي شەھىرىمىزنىڭ پا-دىشاھى بولىدۇ، چۈنكى مەن قېرىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە ئىككىلا كۆزۈم كۆرمەيدۇ. ئورنۋاينىڭ يەنە قانداق تەلىپى بولسا ئوتتۇرىغا قويسۇن، ئورۇندايمەن.

ئورنۋاي شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، تەختتە يەنىلا ئۆزلىرى ئولتۇرد-ۋەرگەيلا، سىلىنىڭ باشلىرى ياستۇققا يەتكەندە پادىشاھلىق كەنجى ئوغۇللىرىغا قالىدۇ. ئەمدى مېنىڭ سىلىدىن سورايدىغىنىم، بىرىنچىسى، ئاشۇ بىز بىلەن سەپەرگە چىق-قان ئىتلىرىنى ماڭا بەرسىلە، ئىككىنچىسى، ئالتۇن ئاي-پالتا بىلەن ئالتۇن قوشۇق ھازىرلاپ بەرسىلە.

پادىشاھ دەرھال ئىت بىلەن ئالتۇن ئايپالتا، ئالتۇن



قوشۇقنى ئورنۇۋاينىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ.

ئورنۇۋاي ئىتنىڭ ئالدىغا بىر پارچە گۆش تاشلاپتۇ، ئىت گۆشكە تۇمشۇقىنى ئاپىرىشى هامان مېڭىسىگە پالتا بىلەن بىرنى ئۇرۇپتۇ، ئارقىدىنلا ئال- تۇن قوشۇق بىلەن ئىتنىڭ مې- ڭىسىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ كۆزىگە سۈركەپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزى شۇ هامان ۋاللىدە ئېچىلىپتۇ. پۈتۈن جاھاننى كۆزى بىلەن كۆرگەن پادىشاھ خۇشاللىقىدىن هوشىدىن كېتىپتۇ. ئورنۇۋاي پادىشاھنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، سۇ چېچىپ هوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

ئورنۇۋاي پادىشاھقا قاراپ: «ماڭا بىر دۇئا بەرسىلە» دې- گەنىكەن، پادىشاھ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، يۈزىنى سىلاپ كۆزىنى ئاچسا، ئالدىدا تۇرغان ئورنۇۋاي يوق. پادىشاھ: «بۇ قانداق ئىش؟» دەپ تۇرغاندا، ئەرشتىن: «مەن سىزنىڭ كەنجى ئوغلىڭىز يەرلىككە قويغان ئۆلۈك- نىڭ روھىمەن» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ كەنجى ئوغلىنى قايتا - قايتا سۆيۈپ باغرىغا بېسىپتۇ.

كۆزى ئېچىلغان پادىشاھ يۇرتنى تېخىمۇ ئوبدان سوراپ ئۆتۈپتۇ.

# خۇرشىد مەرگەن

بۇرۇنقى زاماندا ئىدىقۇت خانلىقىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھ ئىلىم ئەھلى، باتۇر، مەرگەنلەرنى ھۆرمەتلەيدىكەن ھەم ھەممىسىنى مۇۋاپىق ئىشقا قويىدىكەن، پۇقرالارغا زۇلۇم سالماي، باج ـ سېلىقنى ئېغىرلاتماي، تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلغانىكەن. پادىشاھلىق شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن زامانلار دەۋر سۈرۈپتۇ.

خانلىقنىڭ بۇنچە پاراۋانلىق تۇرمۇشىغا ھەسەتى قوزغالغان كۆھىقاپتىكى قارا دىۋە يۇرتنى خانىۋەيران قىلىپ، ئىنسۇجىنلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇرۇپ كۆڭلىنى شاد قىلماق ئۈچۈن پادىشاھلىق زېمىنىغا قەدەم بېسىپتۇ. قاچانكى ئۇ بۇ زېمىنغا قەدەم باستى، يۇرت خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. قارا دىۋە بارغانلا يېرىدە ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ھايۋانلارنى يەپ، دەل ـ دەرەخ، ئۆي ـ ۋاران، ئوت ـ چۆپ، زىرائەتلەرنى ئاغزىدىن ئوت پۈۋدەپ كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىپ، خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

يۇرت ئەھلى بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادى-



شاھ يۇرتىنىڭ ئامانلىقى، پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئوردا ئىچىدىكى «مەنمەن» دەپ يۈرگەن پالۋانلارنى، مەرگەنلەرنى لەشكەرگە باش قىلىپ، قارا دېۋىنى يوقىتىش ئۈچۈن يولغا ساپتۇ...

ئۆزۈندىن بېرى ئوردىدا بىكار يۈرۈپ مەشىق قىلمىغان ياكى ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ باقمىغان مەرگەن، پالۋانلار ئوقيالىرىنى بەتلەپ قارا دېۋىگە قارىتىپ ئوق ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقلىرى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارالماي، ئۆز جېنىنى دېۋىگە سىلىپ بې-رىپتۇ. دېۋە ئورنىدىن سىلجىماي تۇرۇپ پالۋان، مەرگەن-لەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ، قالغان لەشكەرلەرنى بولسا ئاغ-زىدىن قارا بوران چىقىرىپ ئۇچۇرۇپ تىرىپىرەن قىلىۋې-

تىپتۇ...

دۇنيانىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قالغانلىرى پادىشاھقا بول-غان ئىشتىن خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئۆزىنىڭ مەرگەن، پالۋان-لىرىغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرغان پادىشاھ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ھەم ئۇيغا چۆ-كۈپتۇ. پادىشاھ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، ئۆزىگە يېقىن ۋەزىردىن بىرنى چاقىرىپ:

ـــ مەن يۇرت بېشى، مەن يۇرتنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئوتىدا كۆيمىسەم، مېنىڭ نېمە كېرىكىم؟! شۇڭا مەن يۇرتقا كەلگەن بۇ بالا ـ قازانى يوقىتىش چارىسىنى تاپ-مىسام بولمايدۇ. سەن مەن كەلگۈچە يۇرتنى ئادىل سوراپ، مېنىڭ يوقلۇقۇمنى چاندۇرماي، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈت-كىن، ـــ دەپ، پۈتۈن يۇرتنىڭ تەقدىرىنى ۋەزىرگە تاپشۇ-رۇپ، ئۆزى باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ...

پادىشاھ پۇقراچە كىيىنىپ ئوردىدىن ئايرىلىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ كوچىمۇ كوچا، ئۆي-مۇئۆي ئارىلاپ پۈتۈن يۇرتنى كېزىپ چىقىپتۇ، لېكىن بىرەر مۇۋاپىق تەدبىر، مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي، بېشىنىڭ ئىچى ـ تېشى قېتىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، يۇرت-نىڭ تاغ ـ داۋانلىرىنى، ئويمان ـ دۆڭلىرىنى كېزىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ شۇنداق ئاخىرى چىقماس يولغا كىرىپ، يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، تاغ ئارىسىدىكى

ئورمانغا كىرىپ قاپتۇ. بۇ ساپ ھاۋالىق جاي غەشلىكلىكە تولغان كۆڭلىگە بىرئاز ئارام بېرىپ، ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

ئۇ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ يېتىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

بۇ تاغ ئىچىدىكى ئورماندا خۇرشىد ئىسىملىك ئوۋچى ياشايدىكەن، ئوۋچىلىق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى ئىكەن، ئۇ ئۇستا مەرگەن ئىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ساپ نىيەت كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇ يۇرتتىن ئايرىلىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ يەر ئېچىپ، بوش چاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ ياشاپ كېلىۋاتقانىكەن.

پادىشاھ ئورمانلىق ئىچىگە كىرگەن كۈنى خۇرشىدمۇ ئوۋغا چىققانىكەن. ئۇ ئورمانلىقتا بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يېقىن بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم بەھۇزۇر ئۇخلاپ ياتقان. ئويغىتىۋېتەي دېسە، ئۇيقۇسىنى بۇزۇشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، تاشلاپ كېتەي دېسە، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن يۈدۈۋېلىپ، تۈيدۈرماي ئۆيىگە ئەكېتىپتۇ. ئۆيىگە ئاپىرىپ ئاستىغا كۆرپە، بېشىغا ياستۇق قويۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بىرھازادىن كېيىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ-تۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئورمانلىقتا ئەمەس، ئۆي ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوڭۇمىمۇ، چۈشۈمىمۇ، دەپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە قاراپ ئول-تۇرغان ئاتا ـ بالا ئۇچەيلەننى كۆرۈپ:

ــ بۇ مېنىڭ ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ؟ مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ ئوڭلىرى، مېھمان، ــ دەپتۇ خۇرشىد مەرگەن ھەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاماق كەلتۈرۈپتۇ. تاماق ئۈستىدە پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكا-رىلاپ، بۇ تاغ ـ دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈشتىكى مەقسىتى-نى ئېيتىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

ــ باشلىرىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپتۇ. نىيەتلىرى تۈز ئىكەن، خۇدا مەددەت قىلار. سىلى بىزگە مېھمان، خاتىر-جەم ھاردۇقلىرىنى ئالسىلا، باشقا ئىشلار كېيىنچە بىر تە-رەپ بولار، ــ دەپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ پادىشاھنى مېھمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ يېتىپ ئارام ئېلىپ قاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇرشىد مەرگەن چوڭ بىر ئارقارنى مۈرىسىگە ئارتىپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ قارىغۇ-

دەك بولسا، ئوق ئارقارنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكەنىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، خۇرشىدنىڭ ئۇستا مەرگەن ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ھايال بولماي گۆشنى پىشۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ گۆش يەپ ئولتۇرۇپ، خۇرشىد مەرگەندىن:

— مەن ئۇستا مەرگەن، پالۋانلارنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ھۇزۇرۇمدىن ئورۇن بەرگەن تۇرسام، سىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ يالغۇز ياشاشنى خالاپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. خۇرشىد مەرگەن كەمتەرلىك بىلەن:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، پىچاقنى بىلەپ تۇرمىسا، دات باسىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلا؟ ھۈنەرمۇ شۇنداق، دائىم مەشىق قىلىپ ھەم ئىشلىتىپ تۇرمىسا، كامالەتكە يەتمەك ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كارغا كەلمەس بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىل بوپتۇ.

ئەتىسى خۇرشىد مەرگەن يەنە ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ:

— خۇرشىد مەرگەن، مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتىم، ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە

چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەم، ــ دەپتۇ. خۇرشىد مەرگەن مېھماننىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، پادىشاھنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئاچىقىپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن ماڭمايلا، خۇرشىد مەرگەن كۆز يەتكۈسىز يەردىكى بىر قارىنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ:

ــ ئەنە، ئۇ كېيىك، سىلى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرسىلا، ــ دەپ پادىشاھنى بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى بىر دۆڭنى ئەگىپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا چاتقاللىق ئارىسىدىن تورپاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر يولۋاس نەرە تارتىپ چىقىپ پادىشاھقا ئېتىلىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن يولۋاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا، پادىشاھ بىلەن يولۋاسنىڭ ئارىلىقى بىر چامدامچە قالغانىكەن. خۇرشىد مەرگەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۇز بېرىدىغان خېـ



يىمخەتەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇقيادىن ئوق ئۈزگەنىكەن، «ۋىش» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يولۋاس سەت خارقىراپ ئورنىدا سۇنايلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ھوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا، يولۋاس قانغا مىلىنىپ ياتقۇدەك. ئوق يەنە يولۋاسنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكەنىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ خۇرشىد مەرگەننىڭ مەرگەنلىكىگە چىن دىلىدىن قايىل بوپتۇ ھەم جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا دىلى سۆيۈنۈپ، قارا دۇنى يوقىتىدىغان پالۋان مۇشۇ ئىكەن، دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن خۇرشىد پالۋاننى قۇچاقلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئوۋ ئوۋلاپ بولۇپ قايتىپ كەپتۇ.

ئۇلار ئەتىسى ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ يەنە پاراڭغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ گەپ ئارىلاپ:

— مېنىڭ ئىزدىگەن ئادىمىم سىز ئىكەنسىز، سىز بېرىپ يۇرتنى، خەلقنى بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرسىڭىز، — دەپ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن، يۇرت خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازا — مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالا - قازا، دەپ ئويلاپ، پادىشاھنىڭ تەكلىپىدىن باش تارتماپتۇ.

خۇرشىد مەرگەن ئائىلى، بالىسىنى ئېلىپ پادىشاھ بىلەن بىرگە يۇرتقا مېڭىپتۇ. ئۇلار يۇرتقا بېرىپ كاتتا كۆتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ئائىلى بىلەن بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قارا دۇنى يوقىتىشقا

ئاتلىنىشنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەنگە بىرمۇنچە لەشكەرنى قوشۇپ يولغا سالماقچى بولغاندا، ئۇ:

ــ پادىشاھىم، سىلىمۇ بىز بىلەن بىرگە بارسىلا، ــ دەپ، پادىشاھنىمۇ بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ «ياق» دەي دېسە، بۇ ئىشتىن باش تارتقان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېرىشقا قوشۇلۇپتۇ.

ئۇلار قارا دېۋىنى يوقىتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى كۆپ يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرۈپ، قارا دېۋە ۋەيران قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ ئىس ـ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلغاندا، باشقا لەشكەرلەرنى شۇ يەردە قويۇپ، پادىشاھ بىلەن ئىككىسى يولىنى داۋام ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى ئالاھەزەل بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، قارا دېۋىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئاتلىرىنى شۇ يەردە ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ پىيادە مېڭىپتۇ. ئالاھەزەل قارا دېۋىنى چاقىرسا، ئۇن يەتكۇدەك يەرگە كېلىپ توختاپتۇ. بۇ چاغدا خۇرشىد مەرگەننىڭ يادىغا ئاتىسىنىڭ: «ئەگەر خەتەرلىك رەقىبىڭگە يولۇقساڭ، بىر پاي ئوق بىلەن ئۇجۇقتۇر، قايتا ئوق ئۇزمە...» دېگەن ۋەسىيىتى كېلىپ، ئاتام ئېيتقان خەتەرلىك رەقىبىم مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، قارا دېۋە ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق نەرە تارتىپ، ئاسمان ـ پەلەك توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن بۇنى كۆرۈپ ھېچبىر تەمتىرىمەي يېنىدىن ئوقيانى ئېلىپ،

ئوقنى سېلىپ كىرىچنى تارتىپ، جان يېرىنى چەنلەپ ئاتـ
قانىكەن، ئوق دەل جايىغا تېگىپ قارا دىۋە ئىڭراپ يىقىـ
لىپتۇ ۋە:

— ئەي مەرگەن، جېنىم بەك قىينىلىپ كېتىپ باردـ
دۇ، ماڭا رەھىم قىلىپ يەنە بىر پاي ئوق بىلەن جېنىمنى
ئالغىن، — دەپ يالۋۇرۇپ ۋارقىراپتۇ. خۇرشىد مەرگەن:

— ئاتام ماڭا: «رەقىبىڭنى بىر ئوقتا ئۇجۇقتۇر، قايـ
تا ئوق ئاتما» دېگەن، — دەپ قايتا ئوق ئاتماپتۇ. قارا
دىۋىنىڭ نالە ـ پەريادى ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپتۇ. ئاسـ
ماندىكى چاڭ ـ توزانمۇ تارقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا
كەينىدە قالغان لەشكەرلەر قارا دىۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ
يېتىپ كەلگەنىكەن، ئۇلار دىۋىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ،
خۇرشىد مەرگەنگە ئاپىرىن ئېيتىپ، بېشىغا ئېلىپ، يەرگە
تەگكۈزمەي يۇرتقا قايتۇرۇپ ئەكەپتۇ. يۇرت ئەھلى بۇ خەـ
ۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن مىڭ مەرتەم رازى ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ، يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىنـ
نەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننى پۈتۈن پادىـ
شاھلىقنىڭ لەشكەرلىرىگە باش قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇنىڭ
بىلەن پۇقرالارمۇ، لەشكەرلەرمۇ شۇنداق بىر ياش سەركەرـ
دىسىنىڭ بولغانلىقىدىن رازى بوپتۇ ھەم ئۆز ئامانلىقىدىن
خاتىرجەم بولۇشۇپ، قايتىدىن كۆڭۈللۈك ياشاشقا باشلاپتۇ.

# قۇندۇز بىلەن يولتۇز

بۇرۇنقى زاماندا گۆر ئوغلى سۇلتان دېگەن بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، مەملىكەتنى گۈللەندۇرگەچكە، پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئەۋەزخان ئىسىم-لىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئىرادىلىك ۋە باتۇر بولۇپ چوڭ بوپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ قىرىق يىگىتى بولۇپ، دائىم ئەۋەزخان بىلەن بىرگە شىكارغا چىقىدىكەن، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئىگىلەيدىكەن.

پادىشاھ ئەۋەزخاننىڭ ئۇن ئالتە ياشقا كىرىپ قىران يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ - دە، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ ئۆز ئويىنى ئېيتىپتۇ. ئوردا مەسلىھەتچىلىرى تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ، بىرقانچە قىزنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىر بايلىقتا غەنىي دەرىجىگە، ئۆلىمالىقتا ۋەلىي دەر-جىگە يەتكەن مىرئەلى دېگەن سودىگەرنىڭ گۈلچېھرە ئى-سىملىك قىزىنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ. مەسلىھەت بىرلىك-

كە كەلگەندىن كېيىن، مىرئەلىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ-تۇ، بۇ ئىلتىپاتقا مىر ئەلى قۇللۇق بىلدۈرۈپ، توي تەيى-يارلىقى باشلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەۋەزخان قىرىق يىگىتنى ئەگەش-تۈرۈپ شىكارغا چىقىپتۇ ۋە شىكاردىن قايتىپ گۈلچېھرە-نى كۆرۈپ يانماقچى بوپتۇ. ئۇ مىرئەلىنىڭ هويلىسىغا كىرىپ ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ، كېيىن قىرىق يىگىتى بىلەن گۈلچېھرە تۇرىدىغان مېھمانخانىغا كەپتۇ. ئۇ مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىشىدا، مېھمانخانىدا قىرىق كېنىزەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇر-غان گۈلچېھرە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ ئال-دىغا كەپتۇ ۋە:

— ماڭا سەندەك گۆدەكلەرنىڭ كېرىكى يوق، ئۆز لايىقىڭنى تاپ! — دەپ ئاھانەت قىپتۇ. ئەۋەزخان ئالدىدا قىرىق كېنىزەك، كەينىدە قىرىق يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ، يا ئالدىغا ماڭالماپتۇ، يا كەينىگە يانالماپتۇ، ئاخىر بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يى-گىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئە-ۋەزخاننى ئالدىغا چاقىرىپتۇ، ئەۋەزخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن پېتى ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەزىز ئاتا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆز لايىقىمنى تاپىمىغۇچە بۇ يۇرتتا تۇرمايمەن! — دەپ زار-زار

يىغلاپتۇ.

گۆر ئوغلى سۇلتان تەختتىن چۈشۈپ ئەۋەزخاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە يول تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا:

— ئوغلۇم، «ئەر قانىتى ئات» دېگەن گەپ بار. مانا بۇ ئاتامدىن قالغان دۇلدۇلنىڭ بالىسى. يول ئۇزۇن، مەنزىل يىراق، سەن بۇ دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆز بەختىڭنى ئىزدەپ تاپ، ئاتا ـ ئاناڭنى، تۇغۇلغان ئېلىڭنى ئۇنتۇما، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ دۇئا قىلىپ، يىغلاپ يولغا سېلىپتۇ.

ئەۋەزخان ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئارقىدا قاپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، چۆللەردىن كېيىن سايلار باشلىنىپ، جاھان قىزىپ كېتىپتۇ. ئىسسىق ۋە تەشنالىق ئەۋەزخاننىڭ ئىرادىسىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇ چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانىكەن، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ۋاھ، بۇ قانداق ئىش؟ بۇ سايدا ئۆي نېمىش قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئىنتايىن چوڭ ئاق سېپىل، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان دەرۋازىدىن ئاتلىق كىرىپتۇ. ئوتتۇرىسى كەڭ كەتكەن تۈپ-

تۈز مەيدان، ئەتراپى بىر قانچە ھۇجرا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ بىر ئۆي بولۇپ، ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، مەيدان ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىر دومىلاپلا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي گۈزەل، مەن گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن، تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ، مەن بىلەن بىللە يۇرتۇمغا بارسىڭىز، قانداق... — دەپ سۆز باشلاپتۇ. پەرى قىز سۆز قىلماپتۇ ۋە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دولدۇلنى بىر باستۇرۇپ، ئىككى باستۇرۇپ ئۆينىڭ ئالدى-



غا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك باسقان بىر تۆمۈرچى تۆمۈر بازغانلاۋاتقۇدەك. پەرى قىز ئۇ-نىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېگىشىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن بۇ قارا تۆمۈرچى پەرۋاسىز ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. پەرى قىز تەكچىدە تۇرغان چىلىمنى ئېلىپ تاماكا سېلىپتۇ ۋە قارا تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ، لېكىن تۆمۈرچى يەنىلا قاپىقىنى ئاچماي، بىپەرۋا تۇرغۇدەك. ئە-ۋەزخان بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي، يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مەندەك بىر شاھزادە بىلەن بىز-نىڭ ئەلگە كەتسىڭىز، قانداق؟ سىزنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايتتىم، — دەپتۇ. قىز يەنىلا سۆز قىلماپتۇ ۋە چى-لىمنى تۆمۈرچىگە ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا كەپتۇ ۋە يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتان-نىڭ ئوغلى بولىمەن. بۇنداق چۆلدە يۈرگۈچە بىزنىڭ گۈ-زەل يۇرتىمىزغا مەن بىلەن بىللە كەتسىڭىز، قانداق؟ — دەپ تەلمۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز ئەۋەزخانغا يەر ئاستىدىن بېقىپ:

— ئەي ئەۋەزخان، ئەھۋالىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان. سەن يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلىسەن، شۇڭا ئۆز

بېشىمغا بالا تېرىپ، تۇل بولۇشنى خالىمايمەن. ئەجىلىڭ توشقۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ - دە، بىرلا دومىلاپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەۋزخان، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويمىسام بولاتتى، دېگەندەك، ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپتۇ. تاكى كۆك كەپتەر ئۇپۇق سىزىقىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا: «مەن سېنى قەيەردىلا بولساڭ تاپىمەن» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ساي تۈگىسە، چۆل باشلىنىپتۇ، چۆل تۈگىسە، يەنە ساي باشلىنىپتۇ، دەشت - باياۋان تۈگىمەپتۇ. ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ تۈپتۈز كەتكەن بىر سايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۆك ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كۆك ئۆيگە يېقىنلاپ بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، دەرۋازىسى تاقاقلىق ناھايىتى چوڭ بىر كۆك سېپىل تۇرغۇدەك. ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ كەتكەن ئەۋزخان دەرۋازىنى قېقىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ، كېلىشكەن بىر قىز چىقىپ دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرغان ئەۋزخانغا سالام بېرىپتۇ. ئەۋزخان ئۇنىڭغا:

— چاڭقىغان يىگىتكە بىر يۇتۇم سۇيىڭىز بارمىدۇ؟ — دەپتۇ. قىز يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە:

— خېنىمدىن سوراي، — دەپ قايتىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ، تۆت گۈزەل قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاجايىپ ياسانغان بىر قىز چىقىپ ئەۋزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئەۋزخانمۇ دەرھال ئاتتىن

چۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. قىز ئەۋەزخاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار مېھمانخانىدا قىزنىق پاراڭغا چۈشۈپتۇ. قىزلار ئۇزۇمەي يەل ـ يېمىش، قەنت ـ گېزەك، مەزىلىك تائاملارنى توشۇپ ئەۋەزخاننى مېھمان قىپتۇ.

سۆز ئارىلىقىدا قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چۆللەردە ياشىغۇچى مىرئەرەبنىڭ سىڭلىسى گۈلجامالخان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەرگەن يىگىتى بىر قېتىملىق ياۋغا قارشى جەڭدە ھالاك بولغانلىقىنى، ھازىر ئۆزى چۆلدىكى مۇشۇ كۆك سېپىل ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەۋەزخانمۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان گۈلجامال ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋەزخان ئۇچرىغان پەرىنىڭ يەتتە تاغنىڭ كەينىدىكى دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى يۇلتۇز پەرى ئىكەنلىكىنى، يۇلتۇز پەرىنىڭ تەزىم قىلغىنى ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن قارا دېۋە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە يۇلتۇز پەرىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك تولىمۇ مۈشكۈل، شۇڭا يۇلتۇز پەرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شام پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا بارلىقىنى پىدا قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ئەۋەزخان گۈلجامالدىن قۇندۇزنى قولغا كەلتۈرۈش ئاماللىرىنى سوراپتۇ. گۈلجامالخان دوستانە

مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ھازىر شام شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە گۈزەللىك جەھەتتە پۈتۈن دۇنياغا داڭقى چىقتى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەلنىڭ شاھزادىلىرى ئەلچىلەر ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىش شام شەھىرى پادىشاھىغا قىيىن چۈشكەچكە، ئۇ: «كىمكى باغدادقا كېلىپ، باغداد بىلەن شام ئارىسىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ بەيگىدە ئۇتۇپ چىقسا، شۇنىڭغا قۇندۇز قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن» دەپ جاكارلىدى. مۇشۇ جاكارغا ئاساسەن، ھازىر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرى باغدادقا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئاكام مىرئەرەبمۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ بەيگىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇ بەكمۇ مەرد يىگىت. شۇڭا، سىز ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسىڭىز، ئۇ بەيگىنىڭ ئۇتۇقىنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۇ پاكار ئەرەب دۇلدۇلىغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىغان، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دوستلۇق ئۈچۈن مېنى ئارىغا سېلىڭ!

ئەۋەزخان بۇ بىر كېچىنى گۈلجامالخانىنىڭ يېنىدا قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپتۇ. گۈلجامالخان ئۇنى ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپتۇ.

ئەۋەزخان سايلارنى، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تۈپتۈز كەتكەن چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دۇلدۇلىنى

تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپتۇ. قارىسا، ئورۇق جەدە بايتالغا مىنگەن، بېشىدا ئۇزۇن كۇلاھ، ئۇستىدە مىڭ خىل قۇراق-تا تىكىلگەن جەندە، قولىدا تاياق تۇتۇۋالغان بىر دىۋانە ھە دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان، ھەرھالدا بىر ھەمراھقا يولۇقتۇم، يولدا ھەمراھ بىلەن زېرىكمەي ماڭىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاتارلىشىپتۇ ۋە: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دىۋانىنىڭ چىرايىغا چۈشۈپتۇ، كۆرۈپتۇكى، ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق، ئېڭىكىدە بىرەر تال تۈكمۇ يوق، كۆزلىرىدە تىرىكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ھازىرلا گۆر-دىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك بىر كوسا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىۋېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ، لېكىن كوسا زۇۋان سۈرمەپتۇ ۋە ئارىلاپ ئەۋەزخانغا قاراپ قويۇپتۇ. بۇلار ئۈچ كۈن بىرگە يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەردە كوسا ئەۋەزخاننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۇنىڭغا قول سابىتۇ. كوسىنىڭ يامان غەرىزىنى سەزگەن ئەۋەزخان بىر خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قۇراق جەندىسىنى كىيىپ، بايتالنى يېتىلەپ، دىۋانە قىياپىتىدە «باغداد قەيەردىسەن؟» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ساي ئاخىرلىشىپ، دەل ـ دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئەۋەزخان خۇشال بولۇپ، باغدادقا يېقىنلىد-

شىپتىمەن، دەپ، دولدولنى ئاستىلىتىپ باغداد شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپى چاتقاللىق بولۇپ، يول مېڭىش قىيىن ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ، غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېتىنى توختىتىپتۇ، قولىقىغا نۇرغۇنلىغان چىۋىننىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، گەدىنىگىچە قوماق باسقان بىر تاز: «مەن ئات تاپماي قويىمايمەن، مەن ئات تاپماي قويىمايمەن!» دەپ بېشىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك، بېشىغا ھەربىر ئۇرغاندا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاز» قىلىپ ئۇچىدىكەن، بېشىدىن قولىنى تارتسا، مىڭلىغان چىۋىن «ۋاز» قىلىپ قونىدىكەن. ئۇ تازمۇ جىلە بولغان ھالدا ھېچ نەرسىگە قارىماي كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان كۆڭلىدە، مەن ئات ئۈستىدە بولغاندىن كېيىن، ئۇ تاز يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ ماڭا يول بوشىتىپ بېرەر، دەپ ئاستا مېڭىپتۇ، لېكىن ئۇ تازمۇ ئۇدۇل كېتىۋېرىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئەۋەزخان يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ، يول بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. تاز ئەۋەزخاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەۋەزخان بىردىنلا ئويلىنىپ قاپتۇ. باغداد شەھىرىگە كىرىشتە بىرىنچى قېتىم يولۇقتۇرغان كىشىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن گەپ سورىماي ئۆتۈپ كەتسەم، ياخشى بولماس، گەپ سوراپ ئاندىن ماڭاي، دەپ، دولدولنى تىزگىنىدىن تارتىپ توختىتىپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، ئىسمىڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز

كەينىگە قارىماستىنلا:

— ھەي قەلەندەر، مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ بىلگۈڭ كەلسە، ئېيتىپ بېرەي، مېنىڭ ئىسمىمنى بۇ شەھەردىكىلەر: «چاتاقچى تاز» دەيدۇ، — دەپ قويۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان، بۇ تازنىڭ «چاتاقچى تاز» دەپ ئاتالغىنىدىن قارىغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوست بولايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ- دە:

— توختا! سەن «ئات تاپماي قويمايمەن» دەيسەن، ئات ساڭا نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي دىۋانە، سەن ئالەمدىن بىخەۋەر ئوخشايسەن. ھازىر شام پادىشاھىنىڭ گۈزىلى قۇندۇزنى ئېلىش ئۈچۈن باغدادتا ئات بەيگىسى ئۆيۈشتۇرۇلماقچى. مەنمۇ ئەرلىك غۇرۇرۇم بىلەن بۇ بەيگىگە قاتناشماقچىمەن، — دەپتۇ تاز. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

— كەل، مانا بۇ بايتالغا مىنىۋال. بىز دوست بولايلى، — دېگەنىكەن، تاز چاققانلىق بىلەن بايتالغا مىنگىشىپتۇ. بۇلار خۇشال ھالدا باغدادقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. باغدادقا كىرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى بەيگىچىلەرنى تىزىملايدىغان مىرزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە مىرزىغا قاراپ:

— ھەي مىرزا، بىرىنچى نومۇرغا چاتاقچى تاز، ئىككىنچى نومۇرغا قەلەندەر، دەپ يازغىن، — دەپتۇ.

مىرزا بۇلارنى كۆرۈپ يىرگىنىپتۇ ۋە:

— مىرزىخاندىن چىقىش ! شاھنىڭ قىزى قۇندۇزنى سەندەك تاز، دىۋانىلەرگە بەرمەيدۇ، ئۇنى شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئالىدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چاتاقچى تاز غەزەپلىنىپتۇ ۋە بىر مۇشت بىلەن مىرزىنى يىقىتىپتۇ. بۇ خەۋەر باغداد خەلىپىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خەلىپە چاتاقچى تاز بىلەن ئەۋەزخاننى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ سوراق قىپتۇ. چاتاقچى تاز خەلىپە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي خەلىپە، سىلىنىڭ چىقارغان پەرمانلىرىدا: «كىمدەكىم بولسۇن، ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا شام پادىشاھىنىڭ گۈزەل قۇندۇزنى بېرىمىز» دەپ جاكارلانغان. لېكىن، مىرزا پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ بىزنى بەيگىگە تىزىملىماي قوغلىدى، — دەپ ئەرز قىپتۇ.

خەلىپە بۇ تازنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇلارنى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئوردىدىن چىققان چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى ئەگەشتۈرۈپ مىرزىخانىغا يەنە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئۆز ئىسمىلىرىنى يازدۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، ئون بەش كۈنگىچە دەم ئالغاچ، ئاتلىرىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان تۆت ياشار دۇلدۇلنى يۇگەنسىز قويۇۋېتىپتۇ. دۇلدۇل خالىغان جايدىن ئوت - چۆپ يەپ، قايتىپ كېلىپ ئەۋەزخان تەييارلىغان بوغۇزنى يەپ، تۈكلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. چاتاقچى تازنىڭ بايتىلى ئالدىغا ئەكېلىپ بەرگەن يەمنىمۇ

يېمەي تۇرۇۋاپتۇ.

ئەتە بەيگە باشلىنىدۇ دېگەن ئاخشىمى ئەۋزخان چاتاقچى تازنى چاقىرىپ:

— مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىقراق، ئەتە سەھەردە ئويغىتىۋەتكىن، — دەپتۇ ۋە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چاتاقچى تاز سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا، نۇرغۇن چەۋەنداز ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇ ئالدىراپ بايتالنى توقۇپ مىنىپتۇ ۋە بىردىنلا ئەۋزخاننىڭ ئاخشامقى گېپى ئېسىگە كېلىپ، بايتالنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيلا:

— ھەي قەلەندەر، تۇر، ھەي قەلەندەر، تۇرمامسەن! — دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئەۋزخان ئويغانماپتۇ. تاز بىر ياقتىن ئاچچىقلاپتۇ، بىر ياقتىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتىن ئەنسىرەپ كېتىپ قاپتۇ. ھەممە



چەۋەندازلار كېتىپ بولغاندىن كېيىن دولدول كىشنەشكە باشلاپتۇ، لېكىن ئەۋەزخاننى ئويغىتالماپتۇ. ئاخىر دولدول چىداپ تۇرالماي ئەۋەزخاننىڭ بەلۋېغىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ، ئەۋەزخان شۇ چاغدىلا چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ چاتاقچى تازدىن ئاغرىنغان ھالدا دولدولغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى چەۋەندازلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىپتۇ. ئۇ توختىماي چېپىپ ئون بەش كۈن بولغاندا، چاتاقچى تازنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، دوستلۇقنى بىلمەيدىكەنسەن، مېنى ئويغىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى؟ — دەپتۇ. تازمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەي قەلەندەر، شۇنچىمۇ ئۇخلامدۇ كىشى؟ سېنى ئويغىتىمەن دەپ چەۋەندازلارنىڭ كەينىدە قالدىم، — دەپ ئەۋەزخانغا يېقىنلاپتۇ. ئەۋەزخان:

— ئۇنداق بولسا، تېز ماڭايلى، — دەپ، بايتالغا قامچا ئۇرۇپ تاز بىلەن بىرگە چېپىپتۇ، بايتال ھە دېگەندىلا دولدولنىڭ كەينىدە قېلىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئىلگىرىلەپ، يىگىرمە كۈن بولدى دېگەندە پۈتۈن چەۋەندازلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دولدولنى توختىماي چاپتۇرۇپ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنگە كەلگەندە، ئالدىدا يەنە بىر دولدولنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قوغلاپتۇ. يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى دولدولنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپتۇ. قارىسا، پاكار ئەرەب دولدولغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىكەن، بۇ جەرمەن

گۈلجامالخاننىڭ ئاكىسى مىر ئەرەب، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كې-
تەي، دەپ دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئۇ مىر ئەرەبنىڭ ئوڭ
يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئەرەب دۇلدۇلى
يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ. سول
تەرەپتىن ئۆتەي دەپ سول تەرەپتىن كەلگەنىكەن، ئەرەب
دۇلدۇلى يولىنىڭ سول تەرىپىنى توسۇپ يول بەرمەپتۇ. ئا-
مالسىز قالغان ئەۋەزخان ئۆز دۇلدۇلىغا ئەرەب دۇلدۇلىنى
چىشلەپ يىقىتىشقا ئىشارەت قىپتۇ. دۇلدۇل ئەرەب دۇلدۇ-
لىنىڭ ئارقا پاچىقىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا
ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئەرەب دۇلدۇلى چاچراپ
ئورنىدىن تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ دۇلدۇلىنىڭ ئارقا پۇتىنى
چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ
ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئە-
ۋەزخاننىڭ دۇلدۇلى زادىلا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەپتۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن، ئەۋەزخان گۈلجامالنى ئارىغا سېلىپ دوست
بولماقچى بوپتۇ ۋە ئەرەب دۇلدۇلىغا يېقىنلىشىپ:

— ئەي دوستۇم مىر ئەرەب، سەن سىڭلىڭ گۈلجامال-
نىڭ يۈزىنى قىلىپ، دوستلۇق ئۈچۈن بەيگىنىڭ ئالدىنى
ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ قانداق؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
مىر ئەرەب:

— سىڭلىم گۈلجامالنى ئارىغا سالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا
سەن بىلەن دوست بولۇپ قالاي. ساڭا ئاقيول تىلەيمەن، —
دەپ دۇلدۇلنىڭ بېشىنى تارتىپ ئەۋەزخانغا يول بېرىپ،

ئۇنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپتۇ.
شام خەلقى: «بەيگىدە كىم ئۇتۇپ چىقىدىكىن؟» دەپ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يولغا چىقىپ تۇرغانىكەن، قارىغۇ-دەك بولسا، بىشىدا كۇلاھ، ئۇستىدە جەندە، قولىدا تاياق تۇتقان بىر قەلەندەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. كىشى-لەر ھاڭ - تاڭ قېلىشىپتۇ، ھەر تۈرلۈك گۇماندا بولۇ-شۇپتۇ. بەزىلەر: «ئېھتىمال بۇ ساراڭ قەلەندەر يىرىم يول-دىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سەپكە قوشۇلۇۋالغان بولسا كېرەك» دېسە، بەزىلەر: «ھەرھالدا بىرىنچى بولۇپ كەلگەن-دىكىن چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاش كېرەك» دېيىشىپ-تۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇنى چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كېلىپ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باغدادتىكى مىرزا پۈتۈن چەۋەندازلارنىڭ كەينىدىن دەپتەرنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇ قەلەندەرنىڭ بەيگە تىزىملىكى-دە ئىسمىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورۇشتۇرغىنىكەن، چاتاقچى تاز دەرھال:
— ئەلۋەتتە بۇ قەلەندەرنىڭ تىزىمى بار، ئۇ باشقىلار-دىن يىرىم كۈن كېيىن يولغا چىقىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەت-كەن، — دەپتۇ. مىرزىمۇ شۇ زامات باش لىڭشىتىپ تەس-تىقلاپتۇ. شام پادىشاھى ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۆرمەكچى بولۇپ، خوتۇنى، قىزى ۋە ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ چارباغقا كىرىپتۇ. مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ قارىغۇ-دەك بولسا، بىشىدا كۇلاھ، ئۇستىدە جەندە، قولىدا تاياق

تۇتقان بىر قەلەندەر ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھ گەپ-سۆز قىلماي ئارقىسىغا يېنىپتۇ. لېكىن، ئىشىك يوچۇقىدىن كۆز تاشلىغان قۇندۇز قەلەندەر كىيىمى ئىچىدە ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە ئاشىق بوپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ، خوتۇنى ئارقىلىق قىزىغا مەسلىھەت سېپتۇ. قىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان كىشىگە تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، قۇندۇزنى ئەۋەزخانغا بېرىپتۇ. نىكاھ بولىدىغان كۈنى ئەۋەزخان قەلەندەرچە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، شاھزادىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەۋەزخاننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئىنتايىن خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئەۋەزخان بارغانسېرى ئورۇقلاپ خامۇش بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇندۇز ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، چۆلدىكى ئاق ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى يولۇقتۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا: «سېنىڭ ئالتە يىللىقلا ئۆمرۈڭ قالدى» دېگەنىدى. ھازىر تۆت يىل ئۆتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مەن ئۆلسەم، سەن تول قالىسەن، شۇڭا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ، غەمدىن ئورۇقلاپ

كېتىۋاتىمەن، ـــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇندۇز ئەۋەزخانغا تەسەللى بېرىپ:

ـــ بۇنىڭدىن تولا ئەندىشە قىلىپ كەتمەڭ. مەن چوڭ ئانامدىن: «پەرىنى سۆيگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغاندىم. مەن يۇلتۇز پەرى بىلەن دوست، ئۇ پەيشەنبە كەچتە مېنىڭ ھۇجرامغا كېلىدۇ، كېچىچە ئويۇن ـ تاماشا بىلەن تاڭ ئاتقۇزىمىز. سىز شۇ چاغدا ئۇنى بىر ئاماللاپ سۆيۈۋېلىڭ، ـــ دەپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. پەيشەنبە كۈنى كەچتە يۇلتۇز پەرى قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە قۇندۇز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا، يۇلتۇز قۇندۇزغا:

ـــ سېنىڭ ئېرىڭ ئەۋەزخاننىڭ ئىككى يىللىق ئۆمرى قالدى، شۇڭا ئۇنى ياخشىراق كۈتۈپ كۆڭلىنى ئېلىۋال، ـــ دەپتۇ.

قۇندۇز بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايغۇغا چۆمۈپ جىم بولۇپ قاپتۇ. بىھۇدە سۆز قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىغان يۇلتۇز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېلەر پەيشەنبە كەچتە قۇندۇزنى ئۆزىنىڭ ماكانىغا تەكلىپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپ پەيشەنبە يېتىپ كەپتۇ. قۇندۇزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەۋەزخان قۇندۇزنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئىككى قول كىرىپ ئەۋەزخانىنى

ئاچچىقىپ كېتىپتۇ، بۇ يۇلتۇز پەرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇندۇزنى ئەكېلىش ئۈچۈن كەلگەن دىۋىلەر ئىكەن. ئۇلار ئەۋزخاننى كۆتۈرۈپ يەتتە تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يۇلتۇز پەرىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەۋزخان قارىغۇدەك بولسا، يۇلتۇز پەرى تەختتە ئولتۇرغۇدەك. دىۋىلەر ئەۋزخاننى تەخت ئالدىغا ئەكېلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئەۋزخان يەرگە يۈزىنى چاپلاپ دۈم يېتىۋاپتۇ. يۇلتۇز پەرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلسىمۇ، لېكىن ئەۋزخان مىدىر قىلماپتۇ. يۇلتۇز پەرى تەختتىن چۈشۈپ:

— دوستۇم قۇندۇز، ئۆتكەنكى ئولتۇرۇشتا سىنى خاپا قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگىن، بۈگۈن سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالاي، تۇر ئورنۇڭدىن، — دەپ ئەۋزخاننىڭ بېشىنى شۇنداق يۆلىشىگە، ئەۋزخان بېشىنى كۆتۈرۈپلا يۇلتۇز پەرىنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ ۋە قايتا يۈزىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋاپتۇ. پەرىلەرنىڭ قائىدىسىدە ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئىنسانغا سۆيدۈرمەيدىكەن، شۇڭا يۇلتۇز پەرى يېنىدىكى دىۋىگە قاراپ غەزەپ بىلەن:

— قۇندۇز ئەدەپسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەزدىم، ئۇنى دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دىۋە ئەۋزخاننى كۆتۈرۈپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلىشىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قۇندۇز ئەۋزخاننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز، — دەپ، ئۇنى يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپتۇ. ئەۋەزخانمۇ خاتىرجەم بولۇپ، قۇندۇز بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كېچىسى ئەۋەزخان «ئاھ...» دەپتۇ - دە، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەۋەزخاننىڭ يېنىدا ياتقان قۇندۇز ئويغاق ئىكەن. ئۇ ئەۋەزخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاھ چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋەزخان مەھبۇبىگە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئۆز ئېلىگە بارغانمىش، دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتان بىلەن ئانىسى گۈلجاھان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاھ چېكىپ: «ئوغلۇم ئەۋەزخان، قاچان كېلىسەن؟ سېنى قاچان كۆرىمەن؟ سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟» دەپ زار - زار يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانمىش. بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان: «ئاھ، دادام، ئاھ، ئانام!» دەپ ئۆزىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتقانمىش.

— سۆيۈملۈكۈم! — دەپتۇ ئەۋەزخان ئايالىغا، — مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولدى. چۈشۈمدە ئاتا - ئانامنىڭ مېنىڭ پىراقىمدا يىغلاپ، كۆزلىرىنىڭ كور بولغانلىقىنى كۆردۈم. رۇخسەت قىلساڭ، يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ كەلسەم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي. ئالدى بى-
لەن ئاتامدىن رۇخسەت ئالايلى، — دەپتۇ قۇندۇز. ئاندىن
ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆز تەلىپىنى ئېيتىپتۇ.
پادىشاھ قىز - ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا
رازىلىق بېرىپتۇ ۋە يول ھازىرلىقىنى قىلىپ يولغا
سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار بىرقانچە قېچىر مال - دۇنيانى ئېلىپ يولغا
چىقىپتۇ، كۆپ يول بېسىپتۇ. بىر كۈنى چۆل - جەزىرى-
لەردىكى بىر قونالغۇغا چۈشۈپ قونۇپتۇ.

ئەۋەزخان سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىرى ئالدىغا چى-
قىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چې-
دىردىن كۆز يەتكۈدەك جايدا بىر بايراقنى كۆرۈپتۇ. شۇ
ئەسنادا دۆڭ تەرەپ-
تىن بىر كىشى ئات
چاپتۇرۇپ كەپتۇ،
ئۇنىڭ بىر قولىدا
ئاق بايراق، بىر
قولىدا بىر پارچە
خەت بار ئىكەن. ئۇ
چېدىرى ئالدىغا كې-
لىپ خەتنى ئەۋەز-
خاننىڭ ئالدىغا
تاشلاپتۇ - دە،



توختىماستىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەۋەزخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا: «گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ! سەن بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ شام پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەنىكەنسەن، شۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالتە يىلدىن بېرى بىر لەك قوشۇنىمىز بىلەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ ياتقاندۇق. مانا ئەمدى يېتىپ كەپسەن، دەرھال قورالنى تاشلاپ بىزگە ئەل بولۇپ، ئالدىمىزغا كەل، بولمىسا، جەڭگە ھازىرلان ! » دېگەن سۆزلەر يېزىلىپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا دىۋانە شاھىنىڭ مۆھرى بېسىلغانىكەن.

بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان خەتنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئەۋەزخان دۇلدۇلغا مىنىپ، شەمشىرىنى ئېلىپ، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيىپ جەڭگە چىقىپتۇ، ئاردا قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ.

جەڭ باشلىنىپ يەتتىنچى كۈنى، دۈشمەن تەرەپنىڭ لەشكەر باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بارلىق لەشكىرىنى يىغىپتۇ ۋە:

— ئەي باتۇرلىرىم، بىز ئازلاپ كېتىۋاتىمىز، بۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇۋەرسەك ئەۋەزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىز ھالاك بولىمىز، شۇڭا ياخشى تەد-

بىر كۆرۈشمىز ئۇچۇن مەسلىھەت بېرىڭلار، ــ دەپتۇ.

ھەممەيلەن جىم تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئەۋەزخاننى مەخپىي ئۆلتۈرۈش كېرەك، ــ دەپتۇ. بۇ چارە لەشكەر باشلىقىغا يېقىپتۇ. «ئەۋەزخاننى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟» دېگەندە، يەنە ھېلىقى قېرى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئويىنىتىپ ئۇلارنى قىر ـ چاپ قىپتۇ، ئۇلار بىردىنلا قېچىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بىر چوڭ تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈۋالغان ھېلىقى قېرى ئەۋەزخاننىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ، ئوق ئەۋەزخاننىڭ سول بىلىكىگە تېگىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئۈستىدە يېنىچە بولۇپ قاپتۇ. دۇلدۇل دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ ۋە قۇندۇز تۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇندۇزنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە چۈشكەندەك بولۇپ سىرتقا چىقىپتۇ، قارىسا، ئەۋەزخان دۇلدۇلنىڭ ئۈستىدە يېتىپ قالغان. ئۇ ئەۋەزخاننى دۇلدۇل ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ چېدىرغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۆزى كىيىپتۇ، ئەۋەزخاننىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى قورال ـ ياراغلارنى ئېلىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئەۋەزخاننىڭ ساق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپتۇ، ھەر كۈنى جەڭ مەيدانلىرىدا ئايلىنىپ دۈشمەنگە

ۋەھمەساپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ يارىلانغانلىقىغا يەتتە كۈن بولغان كۈنى ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. قۇندۇز نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۇمىدسىز ھالدا چېدىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن بىر توپ كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ چېدىرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ ۋە بىر دومىلاپ بىر توپ قىزغا ئايلىنىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يۇلتۇز پەرى ئۆزىنىڭ قىرىق كېنىزىكىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىكەن.

قۇندۇز يۇلتۇز پەرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن پەرى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي، كېنىزەكلىرىگە ئىشارەت قىپتۇ. قىزلار ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇز بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ زار قاقشاپ يىغلاپتۇ. چۈش بولغاندا، يۇلتۇز پەرى بىر ئىشارەت بىلەن قىزلارنى ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىپتۇ ۋە قۇندۇزغا قاراپ:

— قۇندۇزئاي، ئاڭلاپ تۇرغىن، ئەۋەزخاننىڭ ئەجىلى توشتى، ئۇ بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا ئۆلىدۇ، سەن تۇل بولۇپ دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولىسەن. بۈگۈن سېنىڭ يىغلايدىغان، بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز. قېنى، سەن يىغلا، بىز كۈلەيلى، — دەپ كېنىزەكلەرگە ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار ناخشا باشلاپتۇ، يۇلتۇز پەرى قاتتىق كۈلۈپ، ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇزنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە

چىقىپ ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. چۈش قايرىلىپ، كۆپ ئېگىلىپتۇ. شۇ چاغدا يۇلتۇز پەرى ئىشارەت قىلغا-نىكەن، قىزلار توختاپتۇ. يۇلتۇز پەرى غەمكىن ھالەتكە ئۆتۈپ قۇندۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە تەزىم قىلىپ:

— ئەي دوستۇم قۇندۇز، سۆيۈملۈكۈڭ ئەۋەزخان ئۆل-مىدى، ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ، بۇنىڭدا بەلكىم بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ. قۇندۇز يىغىدىن توختاپتۇ ۋە مەردانە ھالدا:

— ئېسىڭدە بارمۇ، سەن مېنى كۆھىقاپقا ئېلىپ بار-غىنىڭ؟ شۇ ۋاقىتتا دىۋىلىرىڭ مېنى ئەمەس، ئەۋەزخاننى ئېلىپ بارغان. ئۇ ساڭا ئاشىق بولغاچقا، سېنى تەشنالىق بىلەن سۆيۈۋالغان، — دەپتۇ. يۇلتۇز پەرى كۈلۈمسىرەپ:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە پەرى قىز ئۆزىنى سۆيگۈچى يىگىتكە چوقۇم تېگىشى كېرەك، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مەن ئەۋەزخاننىڭ نىكاھىدا، — دەپتۇ - دە، كېنىزەكلەر-گە كۆھىقاپقا قايتىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئۆزى چېدىرغا كى-رىپتۇ. ئارقىدىن قۇندۇزمۇ كىرىپتۇ. يۇلتۇز بولسا ئەۋەز-خاننىڭ سول قولىنى ئۆزىنىڭ سول قولىنىڭ تۆپىسىگە قويۇپ، ئوڭ قولىغا ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ئۇرۇپ، جارا-ھەتنى سىلىغانىكەن، ئەۋەزخان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ-تۇ. ئىككى قىز ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ. ئەۋەزخان ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن دۈلدۈلغا مىنىپ دۈشمەن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ يولنى

بوشىتىپتۇ ۋە دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپ-
تۇ. بۇ نۆۋەت سەپەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. ئەۋەزخان ئۆز
يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن شەھەر خەلقى ئۇنى قىزغىن
قارشى ئاپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان
دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتاننى، ئانىسى گۈلجاھاننى كۆرۈپ
ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى
مەلۇم قىپتۇ، گۆر ئوغلى سۇلتان، گۈلجاھان تەڭلا:

— ئاھ بالام، سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆزلىرى-
مىز كور بولدى، ئەمدى سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق، —
دېيىشىپتۇ. شۇ ھامان يۇلتۇز پەرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بې-
رىپ، قولىغا ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ئۇرۇپ، پادىشاھ ۋە
گۈلجاھاننىڭ كۆزلىرىنى سىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى
يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەۋەزخانغا ئېيتىپ ئۇنى
باغرىغا بېسىپتۇ، ئاندىن قۇندۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ پېشانىسى-
گە سۆيۈپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئوغلى ئەۋەزخاننى شاھ-
لىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپ:

— سەن ئۆز بەختىڭ يولىدا ئىزدىنىپ مۇرادقا يەت-
تىڭ، ئەمدى سېنى خەلق ئارزۇلايدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسى
يولىدا ئىزدەن، — دەپتۇ. ئەۋەزخان:

— خوپ، ئاتا، ئېيتقانلىرى بولسۇن، — دەپ شاھلىق
تەختىگە چىقىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خەلقىنى
باياشات، ئەركىن تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنىكەن.

# تەلۋە كۆيئوغۇل

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر ئادەمنىڭ بەش قىزى بولغانىكەن. بۇ قىزلار بىر ـ بىرلەپ ياتلىق قىلىنىپ، ئاخىردا تولۇنئاي قاپتۇ. تولۇنئاي تولىمۇ زېرەك، دانىشمەن قىز بولۇپ، كۆزلىرى چولپاندەك، يۈزى تولۇن ئايدەك گۈزەل ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بەش قىزنىڭ ئىچىدە تۆت قىزنى بىر سېرى، تولۇنئاينى بىر سېرى كۆرىدىكەن. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، قىزىمىزنى بىرەر چوڭ باينىڭ بالىسىغا بەرسەك قىزىمىزمۇ راھەت كۆرسە، بىز شۇ يۇرت ئىچىدە ئاتاق ـ ئابرۇي قازانساق دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ باي ئۆزىنىڭ قاۋۇل ئىسىملىك ئوغلىغا تولۇنئاينى سورىتىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى باي بىلەن قۇدىلىشىش خۇشاللىقىدا يىگىتنى كۆرۈپ بېقىش ئېسىگىمۇ كەلمەپتۇ ۋە قىزنىڭ رايىغا باقماي ماقۇل بوپتۇ. باي ئۇزۇن ئۆتمەي تولۇنئاينى قاۋۇلغا نىكاھلاپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بىراق، قىز بىلەن يىگىت ئوت بىلەن سۇدەك زادى ماسلىشالماپتۇ. ئىسمى ـ جىسمىغا قىلچە ماسلاشمىغان قاۋۇل تولىمۇ بىغەرەز بولۇپ، تەلۋە، ھۇرۇن، قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلمەيدىغان، ئالتىنچى ئايدا چاقىرسا، يەتتىنچى ئايدا ھە دەيدىغان، ھوشۇر ئېيىدا مانتا يەپ، سەپەر ئېيىدا كېكىرىدىغان، باغدىن گەپ سورىسا، تاغدىن جاۋاب بېرىدىغان، ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان گالۋاڭ يىگىت ئىكەن.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، تولۇنئاي ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە نالە قىلىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر تەقدىرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. تولۇنئاي كۆپ ئەجىر قىلىپ ئېرىگە ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇنلارنى، ھەتتا ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، گەپ ـ سۆز، مېڭىش ـ تۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپتۇ، ئېرى ھەرھالدا خېلى كۆپ ئوڭشالغاندەك قىلىسمۇ، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىپتۇ» دېگەندەك، يەنىلا دۆتلۈكى تۈگىمەپتۇ. ھەرقانداق مەرىكە ـ يوسۇنلارغا قاۋۇل قاتنىشىپلا قالسا، كۈلكىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن، ئېرىنىڭ دۆتلۈكى تۈپەيلى تولۇنئايمۇ يەرگە قارايدىكەن. بۇ تۇغرۇلۇق دىلى ئازار يېگەن تولۇنئاي ئېرىنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۈيئوغۇل، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى

ئاڭلىغان تولۇنئاينىڭ بىشىغا غەم چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاتا - ئا-
نىسىنىڭ ئۆيىگە ئېرىنى ئاپىراي دېسە، ئۇنىڭ تاقىقا-
تۇققا سۆزلەپ، باشقا كۈيئوغۇللارنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە
قېلىشتىن ئەنسىرەپتۇ، ئۆزى يالغۇز بېرىشنى بىئەپ بى-
لىپتۇ، ھەر ئىككىمىزلا بارماي قويايلى دېسە، ئاتا - ئا-
نىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىشىدىن ئەندىشە قىپتۇ. ئاخىر تو-
لۇنئاي «ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن گەپ
بار، مەن قاۋۇلغا ئەدەپ - قائىدىلەرنى زېرىكمەي - تې-
رىكمەي ئۆگىتىپ، مېھمانغا بىللە ئاپىراي، دېگەن قارارغا
كەپتۇ. ئۇ ئېرىگە:
— ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە داداملارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا
بارىمىز. سىز مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىڭ، ئەگەر يەنە
ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، تاقىقا - تۇققا سۆزلەپ يۈ-
زۈمنى چۈشۈرىدىغان بولسىڭىز، ئەمدى ھەرگىز كەچۈرمەي-
مەن، — دەپتۇ. قاۋۇل:
— خۇدا ھەققى، جېنىم خوتۇن، سىز ماڭا نېمە قىل
دېسىڭىز، شۇنى قىلىمەن، سىز نېمىنى ئۆگەتسىڭىز، شۇنى
ئۆگىنىمەن، ئەمدى سىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن، —
دەپ قاتتىق ۋەدە بېرىپتۇ ھەم خۇشاللىقىدىن دوپپىسىنى
ئاسمانغا ئېتىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ قىلغان گەپلىرىمنى ئوبدان
ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قاراپ، — بىز
ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىغا بارمىغىلى ئۇزاق بولدى، ئۇلارغا



ئازراق سوۋغا ـ سالام ئالىمىز. بۇنى سىز كۆتۈرىسىز، ئىشىكتىن بۇقىدەك ئۇسۇپلا كىرمەي: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ، دادام بىلەن ئاپامغا سالام بېرىسىز. ئۇلار سىزگە جاۋابەن: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار، بالىلىرىم، سالا- مەت تۇردۇڭلارمۇ؟ ئۆيئىچى تىنچلىقمۇ؟» دەيدۇ. سىز يەنە: «خۇداغا شۇكۇر، ھەرقايسىلىرىنىڭ دۇئا ـ تەكبىرلىرىنىڭ بەركاتىدىن ياخشى تۇردۇق» دەيسىز. دادام بىلەن ئاپام: «قېنى، ئولتۇرۇڭ، بالام» دەپ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەر- گەندە ئاندىن ئولتۇرىسىز، بىراق ئولتۇردۇم دەپ، يۇگۈرۈپ تۆرگە چىقىپ كەتمەي، چوڭلار ئولتۇرۇپ بولغاندا ئاندىن مۇۋاپىق ئورۇندا ئولتۇرىسىز، قائىدە بويىچە ھەرگىزمۇ چوڭلارنى پەگاھدا قويۇپ كىچىكلەر تۆرگە چىقىۋالمايدۇ، تۆت ئاچامنىڭ ئەرلىرىدىن كېيىن سىز ئولتۇرىسىز. چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ تارتىۋېلىپ، ئاقساقاللىق قىلىش

ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. سىز چوڭلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ قوشۇق سالماڭ، گەپ قىلىش توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىگەندە شۇ سۆزگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك، ئورۇنلۇق گەپنى قىلىڭ، سورۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ چىرايىڭىزنى تۇرۇۋالماڭ، ئوچۇق - يورۇق كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ. سورۇندا باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ھاڭۋېقىپ، بۇرۇن كوچىلاپ، باش قاشلاپ... ئولتۇرۇشنىڭ ھەممىسى بىھۆرمەتلىك بولىدۇ... — دەپتۇ ئېرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان تولۇنئاي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئالدىڭىزغا تاماق كەلتۈرگەندە، قورسىقىڭىز ھەرقانچە ئېچىپ كەتسىمۇ تاماققا قىيا كۆزىڭىزنى سالماڭ، چوڭلارنىڭ ئېلىشىنى كۈتۈڭ. تاماق كەلتۈرۈلگەندە تاكى دادام، ئاپام تەكەللۇپ بىلەن: «قېنى، بالىلىرىم، تاماققا بېقىڭلار» دەيدۇ. بۇ چاغدا سىز: «مەرھەمەت، چوڭلاردىن كەلسۇن» دەيسىز. چوڭلار «بىسمىللا» دەپ تاماق يېيىشنى باشلاپ بېرىدۇ، سىز ئاندىن يېيىشكە باشلايسىز. بىراق، ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك باشقىلارنىڭ يېرىملاشقۇچە سىز قاچىڭىزنى قۇرۇقداپ قويسىڭىز بولمايدۇ... بۇ قېتىم سىز مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىڭىز، دادام، ئاپاملارمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ، مەنمۇ سىزنى پات - پات بىللە مېھمانغا ئاپىرىمەن، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ. قاۋۇل خوتۇنىنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

ــ شۇنىمۇ ئېيتىپ قويـاي، ــ دەپتۇ تولۇنئاي ئېـرىـ
گە ئىشەنچ قىلالماي، ــ ئەگەر ئاپام مېھمانلارغا پولۇ ئەتـ
كەن بولسا، سىز ئالدىرىماي، بىر كاپام ـ بىر كاپامدىن
يەڭ، ناۋادا مانتا ئەتكەن بولسا، بىرنى بىراقلا ئاغزىڭىزغا
سالماي، بىر چىشلەم ـ بىر چىشلەمدىن چايناپ يەڭ.

قاۋۇل تولۇنئاي ئېيتىپ بەرگەن قائىدە ـ يوسۇنلارنى
بىر ھەپتىگىچە يادلاپتۇ. بىراق، تولۇنئاينىڭ كۆڭلى زادىلا
خاتىرجەم بولماپتۇ، ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئـاـ
خىر تاماق ئالدىغا كەلسە، ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان تەلۋە ئېـ
رىگە ئۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ئويلىغان بىر چارىنى
ئۆگىتىپتۇ.

ــ مەن ئاپامنىڭ «يىغىنچاقلىقراق، مانتا ئەتسەم
بولارمىكىن» دېگىنىنى غىل ـ پال ئاڭلاپ قېلىپتىمەن،
بەلكىم بىز بارغاندا مانتا ئېتىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھا ـ
يىتى يېقىن. بىزنىڭ بەلگىمىز چوكا بولسۇن، مەن چوكىـ
نى بىرنى چەكسەم، سىز مانتىدىن بىرنى ئالىسىز، چوكا
چېكىلمىگۈچە ئالمايسىز، ــ دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە
قايتا ـ قايتا جېكىلەپ.

ــ بۇ ئىشەنچلىك چارە بولدى، ئەمدى مەنمۇ خاتىرـ
جەم بولدۇم، ــ دەپتۇ قاۋۇل خۇشال بولۇپ.

قاۋۇل بىلەن تولۇنئاي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېھـ
مانغا بېرىپتۇ. تولۇنئاينىڭ دادىسى، ئاپىسى ۋە باشقا تۇغـ
قانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ئۇلار مېھـ

مانلارنىڭ ئالدى - كەينى يېغىلغۇچە قورۇ ئىچىگە تىكىل-گەن ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى تاماشا قىلىشىپتۇ. شۇ ئارىدا كۈيئو-غۇللاردىن بىرەيلەن قېيناتىسىغا زوقى كېلىپ:

— دادا، سىلىنىڭ قوللىرى گۈلكەن، قىلغان ئەجىر-لىرى زايە كەتمەپتۇ. يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈزۈم تاللىرى مېۋە بەرگۈدەك، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاۋۇلنىڭ ئاغزى قىچىشىپ، گەپ قىستۇرغۇسى كەپتۇ ۋە:

— دادا، ماۋۇ تىككەن كۆچەتلەر يوغىنىسا يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن هارۋىغا چاق بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان باشقا كۈيئوغۇللار كۈلۈشۈپتۇ، بىراق قېي-ناتىسى قاۋۇلنى ئىزا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن جىم تۇرۇۋاپ-تۇ. قاۋۇل يەنە بىرئازدىن كېيىن:

— دادا، — دەپتۇ يەردە تۇرغان كىچىككىنە بىر تاش-نى كۆرسىتىپ، — بۇ تاش يوغىنىسا، ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈلۈققا يارىغۇدەك تاش بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇ گەپتىن ھەممەيلەن ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپتۇ. قاۋۇل ئۆ-زىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىستۇرغىنىغا خۇشال بولۇپ مەغرۇرانە تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي بىچارە بەكلا ئىزا تار-تىپ خورلۇق ھېس قىپتۇ، قاۋۇلنى بىللە ئېلىپ كەلگى-نىگە بەكلا پۇشايمان يەپتۇ.

تاماق تەييار بولۇپ، مېھمانلار تېگىشلىك جايدا ئول-تۇرۇشۇپتۇ. تاتلىق - تۈرۈملار بىلەن چاي ئىچىلىپ بول-

غاندىن كېيىن، چىنە تاۋاقلاردا ئوخشىغان مانتا كەلتۈرۈ-
لۈپتۇ. مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاۋۇلنىڭ نەپسىنى غىدى-
دىقلاپ، يېگۈسى كېلىپ تاقىتى ـ تاق بولغان بولسىمۇ،
تولۇنئاينىڭ چوكا چېكىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپتۇ. چوڭلار بىردىن مانتا يەپ
بولغاندىن كېيىن چوكىنىڭ «تاڭ» قىلىپ چېكىلىشى بى-
لەن تەڭ قاۋۇل ئالدىراپ كېتىپ مانتىنى ئېلىپ ئاغزىغا
موكلا سېلىپتۇ ۋە چايىنىمايلا يۇتۇپتۇ ـ دە، يەنە قاچان چوكا
چېكەركىن دەپ، كۆزىنى خوتۇنىدىن ئۈزمەي قاراپلا تۇرۇپ-
تۇ. تولۇنئاي كېچىكتۈرۈپ يەنە بىر چوكا چاپتۇ. قاۋۇل
بايىقىدەكلا چايىنىمايلا يۇتۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال بىرنەچچە
قېتىم داۋام قىلغاندىن كېيىن، قاۋۇلنىڭ بۇ ھەرىكىتى
كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ھەممەيلەن بىر ـ بىرى-
گە مەنىلىك قارىشىۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا بايىقى قىزىق كۆرۈ-
نۇشلەرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان بىر كىچىك بالا قو-
لىدىكى ئىككى تال چوكىنى رىتىم بىلەن تاۋاققا ئۇرغاندى-
كەن، قاۋۇل: «ئايالىم ئۇرغان چېغى» دەپ ئويلاپ، ئەتراپقا
قاراپمۇ قويماي ئىككى قولى بىلەن چوكىنىڭ رىتىمىغا
ماسلاشتۇرۇپ كاپۇر ـ كۇپۇر قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ
ئاچقۇچە بىر تاۋاق مانتىنى يەۋېتىپتۇ. چاي كۆتۈرۈپ كى-
رىۋاتقان تولۇنئاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نومۇس كۈچىدىن
يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. «ئۆزۈم تاپقان
بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، تولۇنئاينىڭ دادىسى

بىلەن ئاپىسى نام ـ شۆھرەتنى دەپ قىزىنىڭ رايىغا باق-
ماي، بېشىنىڭ ئوبدانلا سۆيى بار بىر تەلۋىگە ئايدەك قى-
زىنى بېرىپ قويغىنىنى ئۇچۇن دەردىنى ئىچىدە بىلىشىپتۇ.
تولۇنئاي شۇنىڭدىن بېرى ئېرى قاۋۇلنى ھېچقانداق يەرگە
ئاپارمايدىغان بوپتۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئېرىگە ئىنسان بول-
غاندىن كېيىن ئوڭلىنىپ قالار، دېگەن ئۇمىد بىلەن ياخ-
شى مۇئامىلە قىلىپ، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئەدەپ ـ
ئەخلاق ئۆگىتىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تولۇنئاينىڭ دادىسى كېسەل بو-
لۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈيئوغۇللار كەينى ـ
كەينىدىن بېرىپ قېيناتىسىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى
ئېلىشىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاۋۇل تولۇنئايغا:
«مەنمۇ قېيناتامدىن رازىلىق ئېلىۋالاي» دەپ، يالۋۇرۇپ
تۇرۇۋاپتۇ. تولۇنئاي:

— ياق، بارماڭ، كېسەل كىشىگە گەپ خۇشياقمايدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادام سىزنىڭ تاققا ـ تۇققا گېپىڭىزنى
ئاڭلىسا بىر كېسىلى ئىككى بولىدۇ ... — دەپ، ئېرىنىڭ
دادىسىنى يوقلاپ كېلىشىگە زادى قوشۇلماپتۇ.

قاۋۇلمۇ باشقا كۈيئوغۇللارغا ئوخشاش قېيناتىسىنى
يوقلاپ، رازىلىق ئېلىپ كېلىشنى بەكلا خالايدىكەن، شۇڭا
ئۇ تولۇنئايغا يېلىنىۋېرىپتۇ. تولۇنئاي مىڭ تەسلىكتە
ماقۇل بوپتۇ ھەم دادىسىنىڭ قېشىغا بارغاندا، قىلىشقا
تېگىشلىك گەپلەرنى بىرمۇبىر ئۆگىتىپتۇ. تولۇنئاي:

— سىز دادام ياتقان ئۆيگە كىرىپ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا، ئوبدان تۇراملا؟ كېسەللىرى قانداقراق؟ بىرئاز ياخشى بولۇۋاتاملا؟» دەيسىز. دادام سىزگە جاۋابەن: «خۇداغا شۈكۈر، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم» دەيدۇ. سىز: «ناھايىتى ياخشى، ھەرنېمە بولسا شۇنداق بولغاي» دەيسىز. يەنە: «دادا، سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟» دەپ سورايسىز. دادام سىزگە جاۋابەن كۆرۈنۈۋاتقان تېۋىپنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن سىز: «ياخشى بوپتۇ، ئۇ تېۋىپنىڭ قولى شىپالىق، سىلىنىڭ ئاغرىقلىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىدۇ» دەيسىز، ئارقىدىن دورىلىرىنى سورايسىز، دادام يەۋاتقان دورىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن سىز دادامغا: «بۇ بەك شىپالىق دورا، داۋاملىق يەپ بەرسىلە» دەيسىز. دادام سىزدىن خۇرسەن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئارتۇق گەپ قىلماڭ، — دەپ جېكىلەپ يولغا سايتۇ.

قاۋۇل قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تولۇنئاينىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا، ياخشى تۇرۇپلا، كېسەللىرى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاردا بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغاندىم، يېقىندىن بېرى ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس، كۆڭلۈم ھېچ نەرسە تارتمايدۇ، ئۆزۈم كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا قېرىلىق يەتتىمۇ ياكى ئەجەل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتامدۇ، بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قېيناتىسى.



— ناھايىتى ياخشى، ھەرنىمە بولسا شۇنداق بولغاي، — دەپتۇ قاۋۇل يادلىۋالغىنى بويىچە.

كۇيئوغلىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان قېيناتىسىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ھالدا لېۋىنى چىشلەپ، يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ جىم يېتىپتۇ. قاۋۇل يەنە:

— دادا، سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەزرائىل ... — دەپتۇ قېيناتىسى زەردە بىلەن.

— پاھ، بۇ تېۋىپ بەك ياخشى داۋالايدۇ، قولى يەڭ-گىل، سىلىنىڭ ئاغرىقلىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىدۇ، — دەپتۇ قاۋۇل ۋە يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. — تېۋىپ سىلىگە قانداق دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ؟

— زەھەر بېرىۋاتىدۇ، زەھەر ! — دەپتۇ دادىسى تەنە

ئارىلاش ئاچچىقلاپ.

— بۇ بەكمۇ شىپالىق دورا، داۋالىق يىسىلە، — دەپتۇ قاۋۇل پەرۋايى پەلەك ھالدا.

بۇ تەلۋە كۈيئوغۇلنىڭ گەپلىرى قېيناتىسىنىڭ يۈرىكىگە ئەجەل ئوقى بولۇپ سانجىلىپتۇ - دە: «يوقال كۆزۈمدىن!» دەپ، قاتتىق بىر ۋارقىرىغىنىچە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4Nzguemlw",
"filename_decoded": "40209878.zip",
"filesize": 29282347,
"md5": "dc9e99d873a4a1d37faf6896f92324cf",
"header_md5": "42a1eeaef7bed24ce9b8e5b34183c2ec",
"sha1": "c84b3076475a978c8fd9418eae454978cb6488a6",
"sha256": "788815403dccb3b49d41531cd54aeed39eb4db60f32045067e96844e2e2508ec",
"crc32": 411106989,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 30429059,
"pdg_dir_name": "\u2556\u03a6\u253c\u00ab\u2568\u00f7 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209878",
"pdg_main_pages_found": 75,
"pdg_main_pages_max": 75,
"total_pages": 82,
"total_pixels": 321470586,
"pdf_generation_missing_pages": false
}